# شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى

## 新疆地方志

- قاسىمجان قەمبەرىنىڭ ۋاپاتى
- چاررۇسىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمرانلىقىدىكى تۈركىي خەلقلەر
- مەھمۇت سىجاڭنىڭ چەتكە چىقىپ كېتىشى...



4

2001

# مۇندەرىجە

## تارىخىي ئەسلىمە


قاسىمجان قەمبىرىنىڭ ۋاپاتى.................. سېيىت ياسىن 1
مەھمۇت سىجاڭنىڭ چەتكە كېتىشى، ئابدۇنىياز كامالنىڭ
ھەربىي يۈرۈشلىرى ......................... ئابلەت ئاببار 6


## تارىخ سەھىپىسىدە


چاررۇسىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمرانلىقىدىكى تۈركىي
خەلقلەر.................................. گاۋىن ھامبىلى 12
مىلدىرېد كابلىنىڭ قۇمۇلغا ساياھىتى......... سۈي يەنخۇ 34
1949 - يىلدىن ئىلگىرى قەشقەردە ئىشلىتىلگەن پۇللار
................................. مۇھەممەت ئىمىن قۇربانى 42
ئەلەمنىڭ ئورنىغا قەلەم كەتتى ........... مامۇت غازى 46


## ئىلمىي مۇھاكىمە


كۆك تۈركلەرنىڭ ئانا يۇرتى ............. ياماد نوبۇئو 48


## يەر ناملىرى تەتقىقاتى


ئېمىل دەرياسى ۋە ئېمىل شەھىرى ... تاھىر تاشبايېف 53
قۇمۇلدىكى بىر قىسىم رىۋايەتلىك يەرناملىرى .........
............................................ سادەتگۈل ياقۇپ 60


## شىنجاڭدىكى كەسپلەر


قەغەزچىلىك .................. جۇمە نىياز (ۋارىس تېكىن) 62



شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى

پەسىللىك ژۇرنال
18 - يىل نەشرى

ئومۇمىي 57 - سان

2001 - يىللىق
4 - سان



مەسلىھەتچىلەر
ئۇيغۇر سايرانى
ئىمىن تۇرسۇن
تۆرمۇھەممەت دۆلەتى

باش مۇھەررىر: سابىر ئەلى
مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر:
غوپۇر خوشۇر نىيازى
ئابدۇرۇپ ئىلى

تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى
(ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى)
ئابدۇرۇپ ئىلى، ئابدۇشۈكۈر تۇردى، ئابدۇقېيۇم خوجا، ئابلەت نۇردۇن، ئابلەت ئىمىن، رامىلە، سابىر ئەلى، غوپۇر خوشۇر نىيازى، غوجائەخمەت يۇنۇس، قادىر ھايىت، قاسىم خوجا، قۇربان مامۇت

مەسئۇل مۇھەررىر:
ئابلىز ئورخۇن

# قاسىمجان قەمبىرىنىڭ ۋاپاتى


سېيىت ياسىن

(قەشقەر شەھەرلىك 2 ـ ئېلېكتىر ئىستانسىسىدىن)


ئۇيغۇر ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنىڭ جانكۆيەرى، ئۇيغۇر سەھنە تىياتىرچىلىقىنىڭ تۇنجى ئەۋلاد يېتەكچىسى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ مۇھىم رەھبەرلىرىنىڭ بىرى مەرھۇم قاسىمجان قەمبىرىنىڭ ۋاپاتىغا بۈيىل توپتوغرا 45 يىل بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتىمىزنىڭ ەرەققىياتىغا قوشقان بىباھا تۆھپىسى، مىللىي ئارمىيىنىڭ ئوتتۇرا يۆنىلىش فرونتىغا قوماندانلىق ىلىپ، ئاقسۇغا ئەسكەر تارتىپ باي ۋە ئونسۇ اهىيىلىرىنى ئىشغال قىلىپ، شىنجاڭنىڭ تىنچلىق ىلەن ئازاد بولۇشىغا قوشقان تۆھپىلىرى كىشىلەر ەلبىدە مەڭگۈ يادلىنىدۇ.

مەن 1955 ـ يىلى جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق ەمۇرىي مەھكىمىدە ۋە 1956 ـ يىلى جەنۇبىي ىنجاڭ رايونلۇق پارتكومدا ئاددىي مۇلازىمەتچىلىك ىزمىتى قىلغانىدىم. بۇ جەرياندا ھەر كۈنى دېگۈدەك ەرھۇم قاسىمجان قەمبىرى بىلەن كۆرۈشۈپ ۇراتتىم. ئىشخانىلارنى تازىلاش ۋە يىغىنلاردا چاي ۇيۇش جەريانىدا مەرھۇمنىڭ خىزمىتىنى قىلىش ۋە ىممەتلىك تەربىيىسىنى ئېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشىپ ۇراتتىم. مەرھۇمنىڭ شۇ چاغدىكى ھەردائىم ئىللىق ەبەسسۇم يېغىپ تۇرىدىغان چىرايى، ئۇمىد ۋە ىشەنچكە تولغان قەيسىرانە روھى تا ھازىرغىچە ېسىمدىن كەتمەيدۇ. مىڭ ئەپسۇسكى، بۇ سۆيۈملۈك ىنسان 1956 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى جەنۇبىي ىنجاڭ رايونلۇق مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۇدىرلىق خىزمىتىنى ئۆتەۋېتىپ، 46 يېشىدا بىز ىلەن مەڭگۈگە خوشلاشتى.

### مەرھۇمنىڭ كېسەل بولۇش ۋە داۋالىنىش جەريانى

مەرھۇم قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن، بۇغداي ئۆڭ، دائىم كۈلۈمسىرەپ تۇرىدىغان، ئۇستى ـ بېشىغا كاستيۇم ـ بۇرۇلكا كىيىپ، گالستۇك تاقاپ، پاكىز، رەتلىك يۈرىدىغان پەزىلەتلىك كىشى ئىدى. چىرايىدىن ھېچقانداق كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمەيتتى. 1956 ـ يىلى قىشتا ئۇشتۇمتۇت يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ، سىرتقا تولا چىقماي، ئىشخانىسىنىڭ ئايرىم بۆلمىسىدە ئارام ئالىدىغان، تاماقنى مۇدىرلار ئاشخانىسىدىن ئايرىم ئەتكۈزۈپ يەيدىغان بولدى. مەرھۇمنىڭ ئىشخانا خىزمەتچىسى نۇرئەلاخان تاماق ۋە چاي يەتكۈزۈپ بېرىپ تۇردى. كېسەل سەۋەبىدىن شۇ يىلى جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئۆتكۈزگەن چاغانلىق چاي زىياپىتىگىمۇ قاتنىشالمىدى. ئەھۋالى كۈندىن كۈنگە ئېغىرلىشىپ قالدى. سابىق جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق پارتكومنىڭ 3 ـ شۇجىسى چى گو، مەھكىمە مۇدىرى مۇھەممەت ئىمىن ئىمىنوف قاتارلىقلار پات ـ پات يوقلاپ تۇردى، ھەمدە جىددىي داۋالاشنى ئورۇنلاش ـ تۇردى. قەشقەر 1 ـ خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ باشلىقى خەن دوختۇر، داۋالاش تېخنىكىسى يۇقىرى دوختۇرلاردىن ئابدۇرېشىت قارى ھاجى، سابىق مىللىي ئارمىيە 13 ـ دىۋىزىيىسىنىڭ ئاتاقلىق



دوختۇرى خاسنوف ۋە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ دوختۇرلىرى مەرھۇمنىڭ كېسىلىنى داۋالاشقا مەسئۇل بولدى. بولۇپمۇ دوختۇر خاسنوف ئالاھىدە كۆڭۈل قويۇپ داۋالىدى. مەرھۇمنىڭ رەپىقىسى خالىدە خانىم كېچە-كۈندۈز يېنىدا تۇرۇپ ھالىدىن خەۋەر ئالدى. شۇنداقتىمۇ مەرھۇمنىڭ يۈرىكى ئۇزۇن يىللىق جاپالىق كۈرەش ۋە تۈرمىلەردىكى دەھشەتلىك قىيناشلار تۈپەيلىدىن ئېغىر زەخىملەنگەچكە، ياخشىلىنىش تۈگۈل كۈندىن كۈنگە ئېغىرلاشقىلى تۇردى. تېنىمۇ ئاجىزلاپ كەتتى. دوختۇر خاسنوف قايتا - قايتا تەكشۈرۈش ئارقىلىق بىمارنىڭ يۈرەك قىسمىنىڭ ئېغىر دەرىجىدە زەخىملىنىپ، نەپەسلىنىشنىڭ توسالغۇغا ئۇچراۋاتقانلىقى، شۇڭا كىسلارود بىلەن نەپەسلەندۈرۈش كېرەكلىكى ھەمدە يۇقىرىدىن يۈرەك كېسەللىكلىرى مۇتەخەسسىسلىرىنى تەكلىپ قىلىپ كېلىپ، ئورتاق دىئاگنوز قويۇپ داۋالاش زۆرۈرلۈكىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ئەينى چاغدا قەشقەردە زاپاس كىسلارود بولمىغاچقا، ئەھۋال ئۈرۈمچىگە مەلۇم قىلىندى. تۆت كۈندىن كېيىن، خوجىلىق باشقارما باشلىقى ھەسەن مەسۇم بىلەن ئىشخانا مۇدىرى ھاجى نۇر ھاجى بىرنى ئېلىپ ئايرودرومغا چىقتى. ئايروپىلاندىن بىر رۇس ئايال مۇتەخەسسىس ۋە ئىككى خەنزۇ مۇتەخەسسىس چۈشتى. رۇس ئايال ئالمۇتىدىن بىر تۇڭ كىسلارود ئالغاچ كەلگەنىكەن. ماشىنىدا مەمۇرىي مەھكىمىگە ئېلىپ كەلدۇق. ئۇلار كېسەلنى قايتا - قايتا تەكشۈرۈش ئارقىلىق قويۇلغان دىئاگنوز ۋە تەكشۈرۈشنىڭ توغرا بولغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈر-دى. ئۇلار كېسەلنى كىسلارود بىلەن نەپەسلەندۈرۈپ، ئەڭ ياخشى دورا، ئوكۇللارنى ئىشلىتىپ ئەستايىدىللىق بىلەن داۋالىدى. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، قاسىمجان قەمبىرىنىڭ كېسەللىك ئەھۋالى ياخشىلىنىپ ، سىرتقا چىقىپ ھەرىكەت قىلالايدىغان بولدى. ھېلىقى رۇس ئايال: «بۇ كېسەل ياخشىلىنىشقا قاراپ يۈزلەندى، كۆپرەك ئارام ئالسۇن، ئالدىراپ خىزمەتكە چۈشمىسۇن، تەلەپ - ئارزۇلىرىنى قاندۇرۇڭلار، كەيپىياتى خۇشال تۇرسۇن، تاماقنى ۋاقتىدا ۋە تەرتىپلىك بولسۇن» دېگەنلەرنى تاپىلاپ قايتىپ كەتتى.

قاسىمجان قەمبىرىمۇ مەمنۇن بولۇپ: «ھەقىقەتەن ئۇستا دوختۇرلار ئىكەن، ئۇلار داۋالىغاندىن كېيىن ئاغرىق قويۇپ بەردى، ئۆزۈممۇ خېلى يەڭگىللەپ قالدىم، تالا - تۈزگىمۇ چىقالايدىغان بولدۇم» دەپ خېلى روھلىنىپ قالدى. ئەمما بۇنداق ياخشىلىنىش ئۇزاققا بارمىدى. بۇ ۋاقىتلىق ياخشىلىنىشنىڭ شۇم ئەجەلنىڭ سىگنالى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلمىغان ئىكەنمىز.

## قاسىمجان قەمبىرى كۆز يۇمغان قايغۇلۇق دەقىقىلەر

1956 - يىل 3 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئاخشىمى مەرھۇمغا نۆۋەتچى دوختۇر خاسنوف، مەمۇرىي مەھكىمە ئىسلاھات باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ياقۇپ ھاجىلار ھەمراھ بولۇپ ياتقانىدى. خىزمەتچى ئابلىز توخسۇن، شوپۇر سېيىت ھەسەنلەر سىرتتا نۆۋەتچىلىك قىلىۋاتاتتى. قاسىمجان قەمبىرى شۇ كېچىسى بىئارام بولۇپ تۈزۈك ئۇخلىيالمىغانىدى . مەرھۇم سەھەردە ئازراق چاي ئىچكەندىن كېيىن، خاسنوف ۋە ياقۇپ ھاجىلار مەرھۇمنىڭ دەم ئېلىشىغا تەسىر يەتمىسۇن دەپ سىرتقا چىقىپ تۇرغانىدى. ياقۇپ ھاجىنىڭ خىزمەتچىسى ئابلىمىت ئاكا مەرھۇمغا چاي ئېلىپ كىرگەندە مەرھۇم ئۈستەل ئالدىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغانىكەن، ئابلىمىت ئاكىنى كۆرۈپ «بىر ئاز بىئارام بولۇۋاتىمەن، ياقۇپ ھاجىنى چاقىرىڭ» دەپتۇ. ئابلىمىت ئاكا مەرھۇمنىڭ شوپۇرى سېيىت ھەسەننى ياقۇپ ھاجىنى چاقىرىپ كېلىشكە ئەۋەتىۋېتىپ، قايتا ئىشخانىغا كىرگەندە مەرھۇم ئىككى بىلىكىگە بېشىنى قويۇپ، ئۈستەل ئالدىدا يېتىپ قالغانىكەن. كۆزى يۇمۇلۇپ، ئاغزىدىن كۆپۈك ئېقىۋاتقانىكەن. ئابلىمىت ئاكا دەرھال دوختۇرنى چاقىرىپ كىرىدۇ ھەمدە ئەھۋالنى ھاجى نۇر ھاجىغا خەۋەر قىلىدۇ.

ياقۇپ ھاجى، ھەسەن مەسۇملار كىرگەندە دوختۇرلار مەرھۇمنى كارىۋاتقا ياتقۇزۇپ تەكشۈرۈۋاتاتتى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق يۈرەكنىڭ سىلىشتىن توختىغانلىقى مەلۇم بولدى. غەم - ئەندىشىدە

تۇرغانلار كۆز ۋە قۇلاقلىرىمىزغا ئىشەنمەي قالدۇق. قاتتىق يىغا - زارە ۋە دات - پەريات باشلىنىپ كەتتى. مەرھۇمنىڭ بىمەزگىل ۋاپات بولۇشى قەلبىمىزنى قاتتىق ئۆرتىگەچكە ئۆزىمىزنى تۇتالماي يىغا - زارە قىلىشتۇق. مەرھۇمنىڭ كۆز يۇمغان ۋاقتى 1956 - يىل 3 - ئاينىڭ 3 - كۈنى سەھەر سائەت يەتتە ئىدى. ھايال ئۆتمەي مەرھۇمنىڭ ئايالى خالىدە خانىم، ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇدىرى سەلىمە تالىپ، شەرىپە خانىم، ھەسەن مەسۇم ۋە ئۇنىڭ ئايالى رۇقىيەلەر يېتىپ كەلدى. ئادەمنىڭ يۈرەك - باغرىنى ئېزىدىغان يىغا - زارە تېخىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى.

**ئىززەت - ئىكرام بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن داغدۇغىلىق دەپنەمۇراسىمى**

قاسىمجان قەمبىرىنىڭ ۋاپات بولغانلىق خەۋىرى ھەش - پەش دېگۈچە مەمۇرىي مەھكىمە ھويلىسىدىن قەشقەر سەھرالىرىغىچە تارقالدى. ھەسەن مەسۇم ۋە ھاجى نۇر ھاجىلار بۇ قايغۇلۇق خەۋەرنى جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق پارتكوم؛ خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ئارمىيە مەسئۇللىرىدىن مۇھەممەت ئىمىن ئىمىنوف، تىيەن جۇڭ، خەلپەت سۈزۈك ھاجىيوف، گوپىڭ، چى گولارغا يەتكۈزدى. ئۇلار دەرھال يېتىپ كېلىپ مەرھۇمنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى.

مۇدىر مۇھەممەت ئىمىن ئىمىنوف باشچىلىقىدا يۇقىرىقى كىشىلەردىن تەشكىللەنگەن دەپنەقىلىش ھەيئىتى قۇرۇلدى.

قايغۇلۇق خەۋەر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى، ھەربىي رايون، 5 - كورپۇس (سابىق مىللىي ئارمىيە) شتابى، 5 - كورپۇسنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەتلەردە تۇرۇشلۇق دىۋىزىيە ۋە پولكلىرى، ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچى ۋە غۇلجا شەھەرلىرىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىلىرىغا، ئالمۇتا ۋە تاشكەنتتىكى ئۇيغۇر ئانسامبىلى قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا خەۋەر قىلىندى.

يۈكسەك ھۆرمەت - ئېھتىرام بىلەن نامىزىنى چۈشۈرۈپ ئاخىرەتكە ئۇزىتىش ھەققىدە قارار قوبۇل قىلىندى.

قەشقەر ئاپاق خوجا مازىرى يېنىدىكى ئۈجمىلىك باغ مەرھۇمغا ئاخىرەتلىك جاي قىلىپ تاللاندى.

ھەسەن مەسۇم مەرھۇمنىڭ شوپۇرى سېيىت ھەسەننى ئاتۇشنىڭ سۇنتاغ يېزىسىدىكى تۇغقانلىرىغا خەۋەر قىلىشقا ھەمدە ھېيتگاھ جامەسىنىڭ خاتىپى، ئاتاقلىق ئۆلىما ئابدۇرېشىت ئەلەمنى مېيىت نامىزىنى چۈشۈرۈپ بېرىشكە چاقىرىشقا ئەۋەتتى. قايغۇلۇق خەۋەرنى ئاڭلىغان ئابدۇرېشىت ئەلەممۇ دەرھاللا يېتىپ كەلدى. بۇ چاغدا مەرھۇم ياتقان مەمۇرىي مەھكىمە ئىشخانىسىنىڭ ئىچى - تېشى ھازىدارلار ۋە مەرھۇمنىڭ دوست - يارانلىرى بىلەن لىق تولغان بولۇپ، ئەتراپنى قاتتىق يىغا - زارە قاپلىغانىدى. ئابدۇرېشىت ئەلەمنىڭ دۇئا - تەكبىر ئوقۇشى ۋە نەسىھەت قىلىشى بىلەن يىغا - زارە سەل پەسىيىپ، مېيىت مەھكىمە ئىشخانىسىدىن شامالباغدىكى ئائىلىسىگە يۆتكەلدى.

ئاخىرەتلىك ئىشلار تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىلدى، كونكرېت ئىشلارغا خەلپەت سۈزۈك ھاجىيوف، ھەسەن مەسۇم، ھاجى نۇر ھاجىلار مەسئۇل بولدى. مۇسىبەت باغاقلىرى تەييارلىنىپ ئىدارە - ئورگان، مەكتەپ ۋە مەسچىتلەرگە تارقىتىلدى.

رەھبەرلەر ۋە كېلىدىغان ۋەكىللەرگە مەخسۇس ھازىدارلىق كىيىمى تەييارلاندى. بىر قىسىم ئۇزۇن تون ۋە بەقەسەم تونلار سەنئەت ئۆمىكىدىن ئارىيەت ئېلىندى. مەرھۇمنىڭ ئۆلچەملىك سۈرىتى چوڭايتىلدى. ئىستىقامەت ئۈچۈن ناۋايخانىلارغا نان بۇيرۇتۇلدى. شۇ كېچىسى قەشقەر شەھىرىدىكى ھەرقايسى مەكتەپلەرمۇ مەرھۇمنىڭ سۈرىتىنى چوڭايتىپ نامازغا ئېلىپ چىقىشقا تەييارلاندى. لوزۇنكىلار ئېسىلدى. قەشقەر شەھىرى چوڭقۇر قايغۇ ۋە ماتەمگە چۆمدى. شۇ كۈنى كەچتە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەزىيە تېلېگراممىسى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى تەشكىللىگەن ئابدۇللا زاكىروف ۋە ئىبراھىم تۇردىلار باشچىلىقىدىكى تەزىيە ئۆمىكىنىڭ 4 - چىسلا قەشقەرگە يېتىپ كېلىدىغانلىقى ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇش يېتىپ كەلدى.

www.uyghurkitap.com

1956 - يىل 3 - ئاينىڭ 4 - كۈنى مەرھۇمنىڭ باغدىكى ھويلىسى ھازىدار رەھبەرلەر، جامائەت ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلار بىلەن لىق تولغان بولۇپ، ھەسرەتلىك يىغا -زارە ئەتراپنى بىر ئالغانىدى. بولۇپمۇ 5 - كورپۇس 13 - دىۋىزىيىسىنىڭ ئاجايىپ كېلىشكەن ھەربىي فورما - سېرىق ھەربىي پەلتو ئۈستىگە ئاق باغلىغان كوماندىرلىرى «ياش كەتكەن قوماندان، دۈشمەن ئالالمىغان جېنىڭنى ئەزرائىل ئالدىمۇ قوماندان . . .» دېگەندەك مەرسىيىلەرنى ئوقۇغىنىچە رەتلىك ، مەزمۇت قەدەملەر بىلەن كىرىپ مەرھۇمنىڭ ئۈستىگە ئۆزلىرىنى ئېتىپ يىغلاشتى. 13 - دىۋىزىيە قەشقەر 37 - پولكىنىڭ جەڭچىلىرى قارىلىق باغلاپ، چەكسىز قايغۇ - ھەسرەت بىلەن ھېيتگاھ مەيدانىدا سەپتە تۇردى. ھازىدارلار، رەھبەرلەر ۋە ناماز ئەھلى مەرھۇمنىڭ دىدارى بىلەن ئاخىرقى قېتىم دىدارلىشىپ رازىلاشقاندىن كېيىن، ئابدۇرېشىت ئەلەمنىڭ دۇئا - تەكبىرى بىلەن سابىق مىللىي ئارمىيىنىڭ سەككىز جەڭچىسى بىر كوماندىرنىڭ قوماندانلىقىدا تاۋۇتنى ئاستا كۆتۈرۈپ، ھۆرمەت - ئېھتىرام بىلەن ھېيتگاھ مەيدانىدىكى قەشقەر تىياتىر سەھنىسىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. چۈنكى نامازغا قاتنىشىشقا كەلگەن ئادەم ھەددىدىن زىيادە كۆپ بولغاچقا، جامەگە سىغمايتتى. مېيىت نامىزىغا ئىخمۇ كۆپ ئادەمنىڭ داخىل بولۇشىغا قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن ناماز مەيداننىڭ ئۆزىدىلا چۈشۈرۈلىدىغان بولدى. پېشىن نامىزىدىن كېيىن مەرھۇمنىڭ نامىزى چۈشۈرۈلدى. ھېيتگاھ مەيدانى ۋە ئەتراپتىكى يوللار نامازخانلار بىلەن تولغانىدى.

### ھەيۋەتلىك ماتەم مۇراسىمى

مېيىت نامىزى چۈشۈرۈلۈپ بولغاندىن كېيىن، ھېيتگاھ مەيدانىدا ھەيۋەتلىك ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. سەھنە مەركىزىگە مەرھۇمنىڭ چوڭايتىلغان سۈرىتى ئېسىلدى. مەيدانغا يىغىلغان ئادەم دولقۇنى بولۇپمۇ 37 - پولكنىڭ كوماندىر، جەڭچىلىرى ھازىدارلىق كىيىملىرىنى كىيىپ قاتتىق سۆكۈتتە تۇردى. بىراق، ئۈرۈمچىدىن كېلىدىغان ئايروپىلان ۋاقتىدا يېتىپ كېلەلمىگەچكە، بىر ئاز تەخىر قىلىشقا توغرا كەلدى. شۇ ئارىلىقتا مەكتەپ باللىرى «قاسىمجان قەمبىرى قەلبىمىزدە مەڭگۈ ھايات، مائارىپنىڭ پېشۋاسى، سەنئەتكارلارنىڭ ئۇستازى قاسىمجاننىڭ ياتقان جايى گۈل بولغاي، ياتقان جايى جەننەتتە بولغاي. . .» دېگەنلەرنى دېكلاماتسىيە قىلىپ ئەھلى جامائەتنىڭ يۈرەك تارىنى تىترىتىۋەتتى.

چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچلەردە، ئابدۇللا زاكىروف باشچىلىقىدىكى تەزىيە ئۆمىكى ھازىدارلىق كىيىملىرى بىلەن ئۆكسۈپ يىغلىغان پېتى مۇراسىم مەيدانىغا كىرىپ كەلدى. ماتەم مۇراسىمى باشلاندى. مۇراسىمغا جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ باش كاتىپى خەلپەت سۇزۇك ھاجىيوف رىياسەتچىلىك قىلدى. ئابدۇللا زاكىروف، ئىبراھىم تۇردى، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىرى، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 2- ۋە 5 - كورپۇس (سابىق مىللىي ئارمىيە) لىرى ھەمدە 13 - دىۋىزىيىسىنىڭ رەھبەرلىرىدىن بولۇپ چى گو، گوپىڭ، زوچى، تيەن جوڭ، مۇھەممەت ئىمىن ئىمىنوف ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى قاتارلىقلار تەزىيە سەھنىسىدىن ئورۇن ئالدى. مۇھەممەت ئىمىن ئىمىنوف تەزىيە نۇتقى سۆزلەپ مەرھۇمنىڭ كۆرەش، ئىنقىلاب، ئىجادىيەت ئىچىدە ئۆتكەن قىسقا ھەم ئەھمىيەتلىك ھايات مۇساپىسىنى بىر قۇر ئەسلەپ ئۆتتى ۋە ئۇنىڭ ھاياتىغا يۇقىرى باھا بەردى.

ئارقىدىن ئابدۇللا زاكىروف تەزىيە نۇتقى سۆزلەپ، ئۆزىنىڭ مەرھۇم بىلەن غۇلجىدا كۆرۈشكەندىن بېرى قايتا كۆرۈشەلمىگەنلىكى، مەرھۇمغا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى نامىدىن چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈرۈدىغانلىقى، مەرھۇمنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتىدىن ھال سورايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئارقىدىن تەرەپ - تەرەپلەردىن كەلگەن تەزىيە تېلېگراممىلىرى ئوقۇپ ئۆتۈلدى. تېلېگراممىلار ئىچىدە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى، 5 - كورپۇس شتابى، 5 - كورپۇس (سابىق

مىللىي ئارمىيە) نىڭ ھەرقايسى ۋىلايەتلەردە تۇرۇشلۇق پولكلىرى، بېيجىڭدىن بۇرھان شەھىدى، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچى، غۇلجىلاردا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىلىرى قاتارلىق ئورۇن ۋە شەخسلەرنىڭ تېلېگراممىلىرى بار ئىدى.

ماتەم مۇراسىمى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، مەخسۇس تىكتۈرۈلگەن كۆك يوپۇق يېپىلغان تاۋۇتنى 5 - كورپۇسنىڭ سەككىز ئەسكىرى قىلىچنى تىك كۆتۈرگەن كوماندىرنىڭ قوماندانلىقىدا ئاستا كۆتۈرۈپ يەرلىككە قاراپ ماڭدى. تاۋۇت ئالدىدا سابىق مىللىي ئارمىيە 13 - دىۋىزىيىسىنىڭ بەل - بويۇنلىرىغا ئالتۇندەك پارقىراپ تۇرغان مىڭگان ئاسقان 40 جەڭچىدىن تەركىب تاپقان ھەربىي ئوركېستىرى رەت - رەت تىزىلىپ ھەيۋەتلىك ماتەم مۇزىكىسى ئىچىدە ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. تاۋۇتنىڭ ئەتراپىدا قوراللىق جەڭچىلەر مىلتىقلىرىنى ئوڭ قولىدا يەردىن سەل - پەل ئېگىز كۆتۈرگەن پېتى ماس قەدەم بىلەن ماڭاتتى. تاۋۇت كەينىدىن رەھبەرلەر ۋە ھازىدارلار كۆز يېشى قىلىپ ماڭاتتى. سان - ساناقسىز ئادەم دولقۇنى تاۋۇت كەينىدىن ھەزرەت يولىغا ئاقماقتا ئىدى. تاۋۇتنىڭ ئالدى ۋە كەينىگە 20 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئاق پاڭچو تۇتماق بەلۋېغى تارتىلغان بولۇپ، بىر ئۇچى تاۋۇتتا، يەنە بىر ئۇچى جامائەتتە ئىدى. جامائەت نۆۋەت بىلەن تۇتماقنى تۇتۇپ مەرھۇم بىلەن ۋىدالىشاتتى. تاۋۇتنى ئۇزىتىش سەپىرى خۇددى بىر ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغانىدى. ئاياللار ۋە ئۇششاق باللارمۇ ئىشىك ئالدى، ئۆگزە ۋە دەرەخ باشلىرىغا چىقىپ ماتەمگە جور بولۇشاتتى. بولۇپمۇ ھەربىي ئوركېستىرنىڭ كىشىلەر قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان مۇڭلۇق ماتەم كۈيى كىشىلەرنى ئىختىيارسىز يىغىغا سالاتتى.

ھازىدارلار قوشۇنى تۆشۈك دەرۋازىدىن ئۆتكەندە، قەشقەر دارىلمۇئەللىمىنىڭ ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلىرى مەرھۇمنىڭ سۈرىتىنى كۆتۈرۈپ، يىغا - زارە بىلەن توپقا قوشۇلدى. ئوركېستىرنىڭ بىردەم ماتەم مۇزىكىسى، بىردەم مىللىي ئارمىيىنىڭ جەڭ مارشى مۇزىكىسىنى ئورۇندىشى كىشىلەر قەلبىنى تېخىمۇ لەرزىگە سالاتتى. مەرھۇمغا بولغان چەكسىز ھۆرمىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن پۈتكۈل خەلق، ھەتتا ياشانغان رەھبەرلەر، ئاۋام ۋە ئۇششاق باللارمۇ تۆت كىلومېتىرلىق كاتاڭ، توپىلىق يولنى پىيادە بېسىپ قەبرىستانلىققا يېتىپ كەلدى. قوشۇن ئاپاق خوجا مازىرىغا يېتىپ كەلگەندە ئۇ يەردە ساقلاپ تۇرغان ئاۋات، بەشكېرەم ۋە قوغان تەرەپتىن كەلگەن جامائەتمۇ سەپكە قوشۇلۇپ كەتكەچكە، تاھارەت ئېلىشقا شەربەت كۆلىدىن سۇ ئېلىشمۇ تەسلىشىپ، قىستا - قىستاڭچىلىق بولۇپ كەتتى.

مەرھۇمنىڭ جەسىدى ئاپاق خوجا مازىرىنىڭ شىمالىدىكى ئۈجمىلىك باغنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىكى پاك زېمىنغا دەپنەقىلىنىپ دۇئا - تەكبىر ئوقۇلدى. تۇپراق بېشىدا ئۈچ - كېچە كۈندۈز دۇئا - تىلاۋەت قىلىندى. سابىق مىللىي ئارمىيىنىڭ بىر بەن ئەسكىرى تۇپراق بېشىدا 15 كۈن نۆۋەت بىلەن سوكۇتتە تۇرۇپ قوغدىدى.

مەرھۇم دەپنەقىلىنغان بۇ جاي ھازىر ناھىيە دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ قەبرىستانلىقىغا ئايلاندى.

## دەپنىدىن كېيىنكى ئىشلار

مەرھۇم يەرلىككە قويۇلغاندىن كېيىنكى ئىشلار پۈتۈنلەي ئۆرپ - ئادەت بويىچە ئېلىپ بېرىلدى. تۇپراق بېشىدا خەتمە قۇرئان ئوقۇلۇپ، چوڭ نەزىر-چىراغ ئۆتكۈزۈلدى.

مەرھۇمنىڭ ۋاپاتى مۇناسىۋىتى بىلەن قەشقەر شەھىرىدىكى بارلىق كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىنىڭ پائالىيەتلىرى ۋە تۈرلۈك مەدەنىي پائالىيەتلەر ئۈچ كۈن توختىتىلدى، كىنو - تىياتىر قويۇلمىدى.

جاي - جايلاردىن كەلگەن تەزىيە تېلېگراممىلىرى مەرھۇمنىڭ شانلىق ھايات مۇساپىسى ۋە ئۇلۇغ تۆھپىلىرىنىڭ خاتىرىسى سۈپىتىدە «جەنۇبىي تيانشان گېزىتى» (ھازىرقى «قەشقەر گېزىتى») دە كەڭ كۆلەمدە ئېلان قىلىندى.

تەھرىرلىگۈچى: ئابلىز ئورخۇن

www.uyghurkitap.com

# مەھمۇت سىجاڭنىڭ چەتكە چىقىپ كېتىشى، ئابدۇنىياز كامالنىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرى

ئابلەت ئابباس

(قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىلىك تەزكىرە ئىشخانىسىدىن)

مەن قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى توغرىسىدا بىر نەرسە يېزىش ئىستىكىدە ئىزدىنىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ۋەقەشۇناس پېشقەدەملەر ئاغزىدىن يېڭىشەھەر ناھىيە بازىرى كونا بازار كۆۋرۈك بېشىدا ئولتۇرۇشلۇق مۇھەممەت سەلەينىڭ يۇرتىمىز تارىخىدا تىللاردا داستان بولۇپ كېلىۋاتقان قۇمۇل ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىدە قەشقەردە كۆتۈرۈلگەن ئىنقىلابلارغا قاتناشقان پېشقەدەم جەڭچى ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ماڭا تونۇش ھەم ناتونۇش بولغان بۇ مويسىپىت بىلەن كۆرۈشۈپ ئوڭايلا چىقىشىپ كەتتۇق. مېنى ئۇنىڭ خاتىرىسىنىڭ ساپلىقى، نۇرغۇن ئىشلارنى بىلىدىغانلىقى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ بەزى مۇھىم ئىشلارنىڭ شاھىدى ئىكەنلىكى تولىمۇ خۇش قىلدى. شۇنىڭ بىلەن مەن «يەتمىش — كەتمىش، سەكسەن — يوقسەن» دېگەندەك كۈنسايىن ئازلاپ كېتىۋاتقان ۋەقەشۇناس تىرىك شاھىدلارنىڭ بىرى بولغان بۇ مويسىپىتنىڭ پېشىگە چىڭ ئېسىلدىم ۋە نەچچە قېتىملاپ سۆھبەت قۇردۇم. سىلەرگە تەقدىم قىلىنىۋاتقان بۇ ئەسلىمە ئۇنىڭ كەچۈرمىشلىرى ۋە كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرى ئىچىدىكى مەھمۇت مۇھىتى ۋە ئابدۇنىياز كاماللارغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ئىشلاردىن رەتلىنىپ، 1989 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئەسلىمىنىڭ ئىگىسى مۇھەممەت سەلەي ئۆز قەلىمى بىلەن ئىمزا قويغان ماتېرىيالدۇر.

### ئەسكەر بولۇش

مەن بۇيىل توپتوغرا 76 ياشقا كىردىم، دادام كۆچالىق، ئانام يېڭىشەھەر خانئېرىقلىق ئىدى. مەن يېڭىشەھەر بازار ئىچىدە تۇغۇلغانىكەنمەن. دادام شەنىيامۇلدا يايى ئىدى. مەن يېڭىشەھەردە دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ يۈرگەن چاغلىرىمدا قىرغىز ئوسمان تۆگىلىك قەشقەر كونا شەھەرنى ئىشغال قىلدى. ئارقىدىنلا تۆمۈر سىجاڭ پەيزاۋاتتىن كېلىپ، يېڭىشەھەر بارىن يولى ئارقىلىق غەجەكتىن ئۆتۈپ قەشقەر كونا شەھەرگە كىرىپ كەتتى.

تۆمۈر سىجاڭنىڭ ئەسكەرلىرى ئاتلىق ئىككىدىن قاتار بولۇپ، بارىن يولىدىن ئۆتكەندە مەنمۇ يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا سانجاق ـ سانجاق تۇرۇپ كەتكەن كىشىلەر قاتارىدا قىستىلىپ يۈرۈپ ئۇلارنى كۆرگەنىدىم. تۆمۈر سىجاڭ ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى ئۆتۈپ بولغىچە يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى خەلق «ئامىن، ئامىن» دەپ توۋلاپ دۇئا قىلىپ تۇردى. بۇ خەلق ئامىسىنىڭ ئۇلارغا نۇسرەت تىلىگەنلىكى، ياشىسۇن دېگەنلىكى ئىدى. شۇ چاغدىكى كەيپىيات شۇنداق تەسىرلىك ئىدىكى، ياشانغانلار ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالالماي بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتكەنىدى. مەندە شۇ چاغدىن باشلاپ ئەسكەر بولۇش ئىستىكى تۇغۇلغانىدى. ئېسىمدە قېلىشىچە، شۇ چاغدا ھاۋا ئىسسىپ قالغان كۈنلەر بولغاچقا يالاڭ ئاياق ئىدىم. كېيىن ئۇقسام، شۇ كۈنى ئوسمان تۆگىلىك قەشقەر كاتتىلىرى ۋە نەچچە يۈز ھۆرمەت قاراۋۇلىنىڭ ھەمراھلىقىدا يېڭىشەھەرنىڭ ئاراباغ دېگەن يېرىگە تۆمۈر سىجاڭنىڭ ئىستىقبالىغا چىققانىكەن. كېيىن تۆمۈر سىجاڭنى تۆگىلىك گامازا ئۆلتۈرۈپ، بېشىنى كېسىپ قەشقەر كوناشەھەر ۋە يېڭىشەھەر كوچىلىرىدا

سازايى قىلدى. گامازا مەرھۇم تۆمۈر سىجاڭنىڭ كەكە ساقىلىدىن كۆتۈرۈۋېلىپ «تېيمۈردى تۇۋ گىدياۋلا» دەپ تۇۋلاپ يېڭىشەھەر كوچىلىرىدا تېرىسىگە سىغماي قالغانىدى.

تۆمۈر سىجاڭنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى بىلەن ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى يېڭىشەھەردە تۇڭگانلارغا قارشى ئوت ئاچتى. شۇ يىلى قىشتا خوجا نىياز ھاجى، مەھمۇت سىجاڭلار قەشقەرگە كەلدى. قۇربان ھېيت كېلىشتىن ئۈچ كۈن ئىلگىرى دادادم مېنى كەينىگە سېلىپ، قەشقەر قۇمدەرۋازىدىكى بىر سارايغا باشلاپ كىرىپ، كەمچەت تۇماقلىق سۆلەتلىك بىر كىشىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىردى. شۇ كۈنى ئازراق قار ئۇچقۇنداۋاتاتتى. ھېلىقى كىشى مۆيدىن تۇەنجاڭ ئىكەن. بىز ئۇ كىشىگە ئەدەب بىلەن سالام بەردۇق. ئۇ سالىمىمىزنى ئىلىك ئېلىپ دادامدىن «سىز قەيەرلىك» دەپ سورىدى. دادام «مەن كۇچالىق» دەپ جاۋاب بەردى. مۆيدىن تۇەنجاڭمۇ كۇچالىق بولۇپ، ئەسلىدە تۇماقچى ئىكەن. ئۇ كىشى ماڭا بىر قۇر نەزەر تاشلاپ «بۇ بالا ئەسكەرلىككە يارايدىغان بالا ئىكەن، ماڭا بېرەمسىز؟» دېۋىدى، دادام دەرھاللا «مانا بالا، ئۆزلىرىگە تۇتتۇم» دېدى. يۈرەكلىرىم ئويناپ كەتتى. شۇ كۈندىن باشلاپ مەن ئەسكەر بولۇپ قالدىم. شۇ چاغدا مەن 19 ياشلاردا بولۇپ، ناھايىتى ئۇستىخانلىق، بەستلىك يىگىت ئىدىم.

مەن ئەسكەر بولۇپ ئەتىسى مۆيدىن تۇەنجاڭ يۈزدەك ئەسكەر بىلەن يېڭىشەھەر ئۇرۇشىغا چىقماقچى بولدى. مەن يېڭىشەھەرلىك بولغاچقا ئۇلارغا يول باشلىدىم. مەن ئۇلارنى باشلاپ غەجەكتىن ئۆتۈپ، ماموتخان پاتچىم تەرەپتىن ئايلىنىپ قىچچى دېگەن يۇرتنىڭ ئويچاڭزا دېگەن يېرىگە باشلاپ كەلدىم. چۈنكى يېڭىشەھەرگە ھۇجۇم قىلىۋاتقان قىسىملارنىڭ قوماندانلىق شتابى ئويچاڭزىغا ئورۇنلاشقان ئىكەن. بىز ئويچاڭزىغا يېتىپ كەلگەندە مازىخۇي ئەسكەرلىرىنىڭ يېڭىشەھەر قەلئەسىدىن ئاتقان توپ ئوقلىرى ئۇ يەر بۇ يەرگە چۈشۈۋاتقان، ناھايىتى بەستلىك بىر ئادەم تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ كۆزىگە بىر نەرسە تۇتۇپ شەھەر تەرەپكە قاراپ تۇرغان ئىكەن. مەن قىزىقسىنىپ يېنىمدىكىلەردىن «ئۇ كىم، كۆزىگە تۇتۇپ تۇرغىنى نېمە؟» دەپ سورىدىم. يېنىمدىكى بىرەيلەن «سەن تېخى بىلمەمسەن، مەھمۇت سىجاڭ دېگەن كىشى شۇ، كۆزىگە تۇتۇپ تۇرغىنى دۇربۇن» دېدى. دېمەك، مېنىڭ مەھمۇت سىجاڭ بىلەن دۇربۇن (گەرچە دۇربۇننىڭ نېمىلىكىنى بىلمىگەن بولساممۇ) نى شۇ يەردە تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈم ئىدى.

شۇنىڭدىن باشلاپ مەنمۇ يېڭىشەھەر ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ كەتتىم. شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە تۈن نىسپىدىن ئاشقاندا بىز بۇيرۇق بويىچە سېپىلغا ئېگىز شوتىلارنى قويۇپ، تۇۋش چىقارماي تەرەپ - تەرەپتىن چىقىشقا باشلىدۇق. ئالدىدىكىلەر سېپىلغا چىقىشقا ئاز قالغاندا پەستتىن ئۇشتۇمتۇت «پاڭ» قىلىپ ئوق چىقىپ قالدى. نەتىجىدە دۈشمەننىڭ بىخىرامان ئۇخلاپياتقان قاراۋۇللىرى ئويغىنىپ كېتىپ بىزنى پىلىموتقا تۇتتى. شۇنىڭ بىلەن گازارمىلىرىدا ئۇخلاپ ياتقان دۈشمەنلەر چۇۋۇلۇپ چىقىپ ھەش - پەش دېگۈچە سېپىلغا ئورۇنلىشىپ مۇداپىئەنى كۈچەيتىۋالدى. سېپىلغا چىقىۋاتقان ئەسكەرلەر ئۇجمىدەك تۆكۈلۈپ كەتتى. بىر قىسمىمىز ئامان قالدۇق. كېيىن ئۇقساق، مازىخۇيغا سېتىلغان يېڭىشەھەرنىڭ بازار بېگى ئۆمەربەگنىڭ جاسۇسى ئوق چىقىرىپ دۈشمەنگە شەپە بەرگەن يەرنىڭ نەق ئۆزىدە قولغا چۈشۈپتۇ. بۇ مۇناپىق سوراقتا باشلىقى ئۆمەربەگ، بارىنلىق تۇردى چوڭ دېگەنلەرنى پاش قىپتۇ. ئەگەر شۇ كۈنى ئۆمەربەگنىڭ خائىنلىقى بولمىغىنىدا، يېڭىشەھەر قەلئەسىنى خۇددى تاۋاقتىكى تەييار ئاشتەكلا قولىمىزغا ئالغان بولاتتتۇق. شۇنىڭدىن كېيىن يېڭىشەھەر مۇداپىئەسى ئىلگىرىكىدىن نەچچە ھەسسە چىڭىپ كەتتى. دۈشمەن تاڭ ئاتقىچە ئۇخلىمايدىغان، سېپىل ئۈستىدىن چۈشمەيدىغان بولۇپ كەتتى.

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، خائىن ئۆمەربەگ، تۇردى چوڭ، مازىخۇينىڭ جاسۇسى ئارا قىچچىلىق سەپەر دىۋانە (بۇ كەسپىي دىۋانە بولۇپ، مازىخۇينىڭ ئاقسۇدىكى تۇڭگان قىسىملىرىغا يازغان خېتىنى ئېلىپ كېتىۋېتىپ، ئاقسۇ يولىدا بىزنىڭ قىسىملارنىڭ قولىغا چۈشكەن) ئۈچىگە ئۆلۈم جازاسى

www.uyghurkitap.com

بېرىلىپ، كونا شەھەر ھېيتگاھ مەيدانىدا دارغا ئېسىلدى. ئۇنىڭ كەينىدىنلا ئۇرۇمچىدە ئۇرۇش قىلىپ رۇس ۋە شېڭ شىسەي قوشۇنلىرىدىن يېڭىلگەن تۇڭگانلار قەشقەرگە باستۇرۇپ كەلدى. خوجا نىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت سىجاڭلار شەھەر خەلقىنىڭ ئامانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ كونا شەھەردىن چىقىپ كەتتى. مەن ئۆيگە قايتىپ كەتتىم. تۇڭگانلار ئەسكەرسىز قۇرۇق شەھەرگە بىر پاي ئوق ئاتماي كىردى. مېنىڭ بىرىنچى قېتىملىق ئەسكەرلىك ھاياتىم شۇنىڭ بىلەن تۈگىدى.

## مەھمۇت سىجاڭنى ئۇزىتىش

1934 ـ يىلى يازدا مەھمۇت سىجاڭ قەشقەرگە كېلىپ 6 ـ دىۋىزىيىگە سىجاڭ بولۇپ، يومىلاق شەھەر قورغانچىسىغا ئورۇنلاشقاندا 2 ـ قېتىم ئەسكەر بولۇپ، 3 ـ پولك (33 ـپولك) قا تەقسىملەندىم. بۇ پولك يېڭىساردا تۇراتتى، پولك كوماندىرىمىز غوپۇر قارى، مۇئاۋىنى تۇرپانلىق ھەمدۇللا دېگەن كىشىلەر ئىدى. مەن 4 ـ ليەن، 1 ـ پەي، 1 ـ بەندە بىرىنچى دەرىجىلىك ئەسكەر ئىدىم. ليەنجاڭىمىز تۇرپانلىق ئابدۇلئەزىز، پەيجاڭىمىز ئاتۇشلۇق ئابلىز، بەنجاڭىمىز تۇرپانلىق يۇسۇپ دېگەن كىشىلەر ئىدى. بىزنىڭ ليەنىمىز پىلىموتچىلار ليەنى بولۇپ، 200 ئەسكەرنىڭ ھەممىسى پولكتىكى ساۋاتلىق ئەسكەرلەر ئارىسىدىن تاللانغانىدى. بۇ ليەن ئەسلىدە مەھمۇت سىجاڭنىڭ تەلەپ ـ مۇددىئاسى ۋە يۇقىرىنىڭ چوقۇم ئېغىر ـ يېنىك پىلىموتلارنى سەپلەپ بېرىمىز دېگەن چىرايلىق ۋەدىلىرى بويىچە تەشكىللەنگەنىدى. لېكىن مەھمۇت سىجاڭ چەتكە چىقىپ كەتكىچە ئارىدىن بىر نەچچە يىل ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن شېڭ شىسەي ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرمىدى، مەھمۇت سىجاڭنىڭ تىرىشچانلىقلىرى بىكارغا كەتتى.

6 ـ دىۋىزىيە قارىمىقىدا تۆت پولك ئەسكەر بار بولۇپ، ھەممىسى ئاتلىق ئەسكەرلەر ئىدى. بىر پولكتا تۆت ليەن، بىر ليەندە تۆت پەي، بىر پەيدە تۆت بەن ئەسكەر بولاتتى. ئات باقارلار، ھارۋىكەشلەر، زاپخوزلار، ئاشپەزلەر ۋە باشقىلارنى قوشقاندا، بىر پولكتا 1000 غا يېقىن ئادەم بولاتتى.

1937 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى خۇپتەن بىلەن مەھمۇت سىجاڭ بىر بۆلۈك ئادەملەر بىلەن 33 ـ پولكقا يېتىپ كەلدى. ئۇ كىشى كېلىپلا 33 ـ پولكنى جىددىي ھالەتكە ئۆتكۈزۈپ، ئابدۇنىياز كامالنىڭ 1 ـ ليەننى ياپچانغا مۇداپىئەدە تۇرۇشقا ئەۋەتتى. ئارقىدىنلا يېڭىسار ھاكىمى (ئۇيغۇر)، باجخانا باشلىقى (خەنزۇ)، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى (خەنزۇ) نى چاقىرتىپ كېلىپ، پولك شتابىدا سوراق قىلدى. نېمە دەپ سوراق قىلغانلىقىنى بىلمىدۇق. ئۇزاق ئۆتمەي ھاكىمنى قويۇۋېتىپ، قالغان ئىككەيلەننى پولك شتابىنىڭ بېغىدا ئاتتۇرۇۋېتىپ، ئادەملىرى بىلەن يولغا چىقتى. بىزنىڭ پەيدىكى 40 ئەسكەر يولبويى مەھمۇت سىجاڭنى قوغداپ ماڭدۇق. مەھمۇت سىجاڭ شۇ ئاخشىمى يېڭىساردىن يولغا چىقىپ، قىزىل، كۆك راۋات، كاچۇڭ، چىپقا، پىچان، كۆكيارلاردا قونالغۇ قىلىپ لاداخ يولىغا چۈشتى. كاچۇڭغا كەلگەندە قەشقەر گارنىزونى (قەشقەر گارنىزونىنىڭ ئورنى بۈگۈنكى يېڭىشەھەردىكى جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ ئورنىدا) قورال ـ ياراق باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىلياس قولىدا كويزا، ئىشەككە مىندۈرۈلۈپ ئىككى پۇتى ئېشەكنىڭ قورسىقى ئاستىدىن شوينا بىلەن چېتىلغان ھالەتتە كەلتۈرۈلدى. ئۇلار قىسقا يول ئارقىلىق ئۇدۇل مېڭىپ كاچۇڭغا كېلىپ مەھمۇت سىجاڭنى كۈتۈپ تۇرغان بولسا كېرەك. بۇ يەر كاچۇڭ جاڭگال بويىدىكى يول ئۈستى بولۇپ، يول بويىدا بىرەر چارەكچە كېلىدىغان يەرگە سېلىنغان بورما شەكىللىك پەشتىقى بار بىر قورغانچە بار ئىدى. مەھمۇت سىجاڭ بۇ يەرنى سورىۋېدى، يەرلىك خەلق بەدۆلەتنىڭ قورغىنى دەپ جاۋاپ بېرىشتى. مەھمۇت سىجاڭ شۇ يەردە توختاپ ئىلياسنى كىشەندىن ئازاد قىلىپ «سەن قەيەرلىك؟» دەپ سورىدى. ئىلياس «مەن تۇرپانلىق تەقسىر» دەپ جاۋاب بەردى. «سەن مۇسۇلمانمۇ» دېگەندە ئىلياس «ئەلھەمدۇلىللاھ مۇسۇلمانمەن» دەپ جاۋاب بەردى. مەھمۇت سىجاڭ دەرغەزەپ بولۇپ، «ياق، يالغان، سەن كاپىر، ئەگەر سەن مۇسۇلمان بولساڭ مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلايتتىڭ، مەن مىللىي قىسىملارغا كۆپرەك قورال ـ ياراق، ئوق ـ دورا

بىرىپ تۇرغىن دىسەم ئاڭلىمىدىڭ ئەمەسمۇ؟ ! بەدبەخ مانا ئەمدى لازىم بولدى» دېدى. ئىلياس «لىۇ سىلىڭدىن بۇيرۇق بولمىسا قانداق بىرەلەيمەن» دېۋىدى، مەھمۇت سىجاڭ «مەنچۇ؟ مەن نىمە» دەپ سورىدى. ئىلياس «ئۆزلىرىمۇ سىلىڭ» دېدى. مەھمۇت سىجاڭ تېخىمۇ قاتتىق دەرغەزەپكە كېلىپ «ھەي بەدبەخ، مەن بىر دېگەندىكىن بىرسەڭ بولماسمىدى، جاۋابىنى ئۆزۈم بىرەتتىم ئەمەسمۇ. سەن مەلئۇن گېپىمگە كىرمەي ئورۇس كونسۇلى بىلەن لىۇ سىلىڭغا جاسۇسلۇق قىلدىڭ، ئۆز قېرىنداشلىرىڭنى، مىللەت مەنپەئەتىنى ساتتىڭ، ئەمدى ساڭا ئوق زايا كەتكىدەك، قىلىچ بىلەن چېپىش كېرەك» دېدى ۋە ئارقىدىن «خەير بوپتۇ، ئېتىۋېتىڭلار» دەپ بۇيرۇق قىلدى ۋە يەرلىك كىشىلەرگە ئۇنى كۆمۈپ قويۇشنى تاپىلاپ، يولىنى داۋاملاشتۇردى.

بىز كۆكيارغا يېتىپ بارغاندا مەھمۇت سىجاڭ بىزگە خىتاپ قىلىپ«بىز ھىندىستانغا چىقتۇق، مۇددىئايىمىز چەتئەلدىن قورال سېتىۋېلىپ قايتا ئىنقىلاب قىلىش، مەن بىر يىل ئىچىدە قايتىپ كېلىمەن، شۇنىڭغىچە قورالنى قولۇڭلاردا مەھكەم تۇتۇپ تۇرۇڭلار، ئەگەر مەن كەلمەيدىغان بولسام قىيامەت كۈنى قولۇڭلار ياقامدا بولسۇن! ھۆكۈمەتنىڭ يامان كۆرگەن ئادىمى مەن، سىلەرگە ھېچكەپ كەلمەيدۇ، قايتىپ كېتىڭلار» دېدى ۋە سۆزلەپ بولۇپ ھەممىمىزگە پۇل تارقىتىپ بەردى. ئاندىن مەندىن «سەن نەلىك» دەپ سورىۋېدى «مەن قەشقەرلىك» دەپ جاۋاب بەردىم. سىجاڭ يەنە «بىز بىلەن تىبەت چېگرىسىغىچە بىللە بارامسەن؟ » دېۋىدى مەن «سىجاڭ ئاتا، دادام ئۆلۈپ كەتكىلى ئىككى ئاي بولدى، دادام جان ئۈزىدىغان چاغدا ئۈچ ئۇكامنى ماڭا تاپشۇرغان» دېيىشىمگە سىجاڭ «ھوي، مەن بۇنى بىلمەپتىمەن، ئۇنداقتا سەن قايتىپ ئۇكىلىرىڭنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئال، ئېتىڭنى بىزگە ئالماشتۇرۇپ بەرگىن» دېدى. مەن دەرھال «ئات ئۆزلىرىنىڭ ئاتا» دەپ ئېتىمنى تۇتتۇم. مېنىڭ ئېتىم پولك بويىچە ناھايىتى زور، كۈچلۈك ئات ئىدى. يەنە بىر ئاتقا ئارتىلغان يۈكلەرنى ئۇنىڭغا ئارتىپ بوشىغان ئاتنى ماڭا بەردى. بىز شۇنداق قىلىپ كۆكياردا مەھمۇت سىجاڭنى ئۇزىتىپ قالدۇق. مەھمۇت سىجاڭ ئاكىسى مۇسۇل ھاجى، تۇرپانلىق باي ئاخۇن ئەزىزى، قەشقەر قىزىلدۆۋىلىك توختى ھاجى، تۇرپانلىق ھەمدۇللا (بۇ ئادەم لاداق يولىنى ئوبدان بىلەتتى) قاتارلىق 30 نەچچە ئادەم بىلەن لاداخ يولىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

**ئابدۇنىياز كامالنىڭ يۈرۈشلىرىگە قاتنىشىش**

بىز مەھمۇت سىجاڭدىن ئايرىلىپ كاچۇڭغا كەلسەك، بىزنىڭ 33 - پولك، يەكەندىكى 34 -پولك ۋە قەشقەردىكى 31 -، 32 - پولكلاردىن قېچىپ چىققان بىر قىسىم ئەسكەرلەر ئۇ يەرگە توپلانغان ئىكەن. مويدىن تۇەنجاڭمۇ تۇرمىدىن چىقىرىلىپ، شۇ يەرگە كەلتۈرۈلۈپتۇ. بۇ كىشى شۇ چاغلاردا بىزنىڭ پولكنىڭ تۇرمىسىدە قاماقلىق ئىدى. ئاڭلىشىمىزچە ئۇ كىشى قەشقەردە ئەپيۈن چېكىشنى ئۆگىنىپ قالغاچقا باشتا شىتاب تۇرمىسىگە، كېيىن يېڭىساردىكى 33 - پولك تۇرمىسىگە يۆتكەلگەن ئىكەن.

كاچۇڭدا ئوپىتسېرلار كېڭىشى ئارقىلىق ئابدۇنىياز كامال سىجاڭلىققا، مۆيدىن تۇەنجاڭ مۇئاۋىن سىجاڭ ھەم شىتاب باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى. قوشۇنىمىز كەلپىننىڭ سايۋاغ دېگەن يېرىدە شېڭ شىسەينىڭ ئىككى كورەشچى ئايروپىلانىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغاندا، تۆت - بەش ئەسكەر تېرەكنىڭ بېشىغا چىقىۋېلىپ بىرىنى سوقۇۋالغان، ئايروپىلاندىكى ئىككى رۇس، ئىككى خەنزۇ ئەسىرگە چۈشكەن. كېيىن مۆيدىن تۇەنجاڭ مۇشۇ ئەسىرلەرنى قويۇۋېتىپ، ھەم سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى شېڭ شىسەيگە ياردەمگە كەلگەندە ئىنقىلابتىن ئۈمىدسىزلىنىپ، مەخپىيەتلىكىمىزنى ئۇلارغا مەلۇم قىلىپ خەت يازغان (بۇ خەت ئابدۇنىياز كامالنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان ئىكەن) دېگەن جىنايەت بىلەن ئاۋات ناھىيىسىنىڭ بەشئېرىق ئۆستەڭ بويىدا ئېتىپ تاشلاندى.

ئابدۇنىياز كامال سىجاڭلىققا كۆتۈرۈلۈپ، ئەسكەرلەرنى 6 - دىۋىزىيىنىڭ شىتاتى بويىچە تۆت پولكقا ئايرىپ تەڭ تەقسىم قىلىپ بولغاندىن كېيىن،

دېۋىزىيە بويىچە ھەممەيلەننى يىغىپ پولك، لېيەنلەر بويىچە كەڭ دالىدا سەپراس قىلىپ، ئۆزى بىر دۆڭنىڭ ئۈستىگە چىقىپ سۆز قىلدى، ئاخىرىدا: «بىز كىم ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىمىز؟» دەپ سورىدى، ھەممىمىز بىردەك «خەلق ئۈچۈن» دەپ جاۋاب بەردۇق. ئۇ يەنە «خەلق بىزنىڭ نېمىمىز؟» دەپ ياندۇرۇپ سورىدى. بىز «خەلق بىزنىڭ ئاتا - ئانىمىز، ئاكا - ئىنىمىز، ھەدە - سىڭلىمىز» دەپ جاۋاب بەردۇق. ئۇ «توغرا، خەلق بىزنىڭ ئاتا - ئانىمىز، ئاكا - ئىنىمىز، ئاچا - سىڭىللىرىمىز، بىز خەلق پەرزەنتى، شۇڭا ئۇرۇشتا خەلقىمىزنىڭ بىر تال يىپ چاغلىق نەرسىسىگىمۇ تېگىشكە، خوتۇن - قىزلارغا چېقىلىشقا بولمايدۇ، كىمدەكىم خىلاپلىق قىلىدىكەن، ھەربىي قانۇن بويىچە ئېتىپ تاشلىنىدۇ» دەپ خىتاپ قىلدى. ئاندىن يىغى 1 - پولكقا كېچىلەپ يەكەنگە يۈرۈش قىلىپ يەكەننى ئىشغال قىلىش بۇيرۇقى چۈشۈردى. شۇ چاغدا يەكەندە بىر لېيەن خەنزۇ ئەسكەر تۇراتتى، ئۇلار يەكەننى ئۇرۇشمايلا ئۆتكۈزۈپ بەردى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئابدۇنىياز كامال يەكەندە شتاب قۇرۇپ، ماخۇسەن بىلەن بىرلىشىپ شېڭشىسەي ھۆكۈمىتىگە قارشى ئوت ئاچتى. ماخۇسەننىڭ 36 - دېۋىزىيىسى بىلەن بىزنىڭ 6 - دېۋىزىيە ئۇرۇشقا ئاتلىنىشتىن ئىلگىرى بېشىمىزدىكى فۇراژكىلارنى چۆرۈۋېتىپ، ئاق دوپپا كىيدۇق، بىلەكلىرىمىزگە «فى سەبىلىللا» دەپ خەت يېزىلغان ئاق لاتا باغلىدۇق. 4 - ئايدىن 10 - ئايغىچە شېڭ شىسەي ۋە بىزنى باستۇرۇشقا ياردەمگە كەلگەن سوۋېت ئارمىيىسى بىلەن مەكىت، مارالبېشى، ئاقسۇ، قەشقەرلەردە قانلىق جەڭ قىلدۇق. ماخۇسەن بىلەن بىزنىڭ بىرلەشمە قوشۇننىڭ ھەممىسى ئاق دوپپا كىيگەچكە بۇ ئۇرۇشلار خەلق ئىچىدە «ئاق دوپپىلىقنىڭ يىغىلىقى» دېگەن نام بىلەن تونۇلدى.

بىز يەكەندىن چىقىپ يېڭىسارنىڭ سىدە دېگەن يېرىگە كەلگەندە شېڭ شىسەي ئارمىيىسىنىڭ بىر ئايروپىلانىنى سوقۇۋەتتۇق. شۇ ئايروپىلان يېڭىشەھەرنىڭ تازغۇن يېزىسىدىكى يالغۇز ئۈجمە دېگەن جاڭگالغا چۈشۈپتۇ. كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە بۇ ئايروپىلاننى كۆرۈش ئۈچۈن يىراق - يېقىندىن كېلىدىغان ئادەملەرنىڭ ھەپتە كۈنگىچە ئايىقى ئۈزۈلمەي قىزىق بازارغا ئايلانغان ئىكەن.

بىز كۈزگىچە ئاقسۇدا شېڭ شىسەي ئارمىيىسى بىلەن قاتتىق ئۇرۇش قىلىپ شېڭ شىسەي ئارمىيىسىنى خېلى زىيانغا ئۇچراتتۇق، كۈچى يەتمىگەن شېڭ شىسەي ئاخىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ياردەم سورىدى. تانكا، ئايروپىلانلارنىڭ ھىمايىسىدە كەلگەن سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى بىلەن ئاقسۇنىڭ قۇمباش دېگەن يېرىدە قاتتىق سوقۇشتۇق. ئاخىرى ئوقىمىز تۈگەپ كەتتى. بىز يەكەندىن چىقىدىغان چاغدا ھەر بىرىمىزگە 200 تالدىن ئوق بېرىلگەنىدى. بىز كۆپ غەلىبىلىك ئۇرۇشلارنى قىلغان ئىدۇق، بارغانلىكى يەردە پىدائىيلار ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن سېپىمىزگە ئۈزلۈكسىز قوشۇلۇپ تۇردى. ئاقسۇغا بارغاندا بىزنىڭ پولكنىڭ ئەسكىرى 1500 گە يەتكەنىدى. بىزنىڭ قىزىل ئارمىيە بىلەن تۇتۇشقان ۋاقتىمىز 9 - ئاي مەزگىلى بولۇپ، بىزنىڭ پولكتىلا ئەمەس باشقا پولكلاردىمۇ ئوق - دورا ئۆكسۈپ قالغانىدى. شۇڭا بىز بۇيرۇققا بىنائەن يەكەنگە چېكىنىدىغان بولدۇق. مەكىتكە كەلگەندە بەزى ئەسكەرلەر قېچىپ كەتتى. مەنمۇ مەكىتتىن قېچىپ شېڭ شىسەينىڭ ئەسكەرلىرىگە تۇتۇلۇپ قالدىم. ئۇلار مېنى قورالسىزلاندۇرۇپ سوراق قىلىپ مېنىڭ بىر ئاددىي ئەسكەرلىكىمنى بىلگەندىن كېيىن پەيزاۋات ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىگە ئۆتكۈزۈپ بەردى، ئۇ يەردە بىر مەزگىل تۈرمىدە ياتقاندىن كېيىن، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىم ئارىغا نامدار ئادەملەرنى قويۇپ كېپىل بولۇپ تۈرمىدىن چىقىرىۋالدى. كېيىن ئاڭلىسام ئابدۇنىياز كامال ئاخىرىغىچە تىركىشىپ، پەقەت ئامال قالمىغاندا ئەسكەرلىرىنى تارقىتىۋېتىپ ئۆزى شېڭ شىسەينىڭ قولىغا چۈشۈپ قاپتۇ. بىزنىڭ پولك كوماندىرىمىز ئامىر قوشۇنىمىز مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندىن كېيىن، تۇتۇق بەرمەي قېچىپ يۈرۈپ، ئاخىرى يېڭىشەھەر-نىڭ تازغۇن يېزىسىغا كەلگەندە، تازغۇن كېرەملىلىك ئابدۇرېھىم مەخسۇم دېگەن كىشى ئۇنى ئون نەچچە ئادەم بىلەن قورشىۋاپتۇ، پولك كوماندىرى ئامىرنىڭ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

پىلىموتىدا ئوق بولسىمۇ لېكىن ئۇلارغا ئوق چىقىرىشنى راۋا كۆرمەيتۇ، ئابدۇرېھىم مەخسۇم ئۇنى يېڭىشەھەر ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىپ مۇكاپات ئاپتۇ.

مېنىڭ ئىككى قېتىم ئەسكەرلىككە ئېلىنىپ سەپتىن چېكىنگەنگە قەدەر كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىم مانا مۇشۇلاردىن ئىبارەت.

## خاتىمە ئورنىدا

مەن بۇ يەردە ئابدۇنىياز كامالنى شېڭ شىسەيگە تۇتۇپ بەرگۈچىلەرنىڭ بىرى بولغان يەنە بىر شاھىتنىڭ ئەسلىمىسىنى مۇھەممەت سەلەيىنىڭ ئەسلىمىلىرىگە تولۇقلىما قىلىشنى لايىق تاپتىم.

مەزكۇر ئەسلىمىنىڭ ئىگىسى تۇردىيوف سۇلتان ناسىر 1936 - يىلى مەھمۇت سىجاڭ قوماندانلىقىدىكى 6 - دىۋىزىيىنىڭ 31 - پولكىدا ئەسكەر بولغان، مەھمۇت سىجاڭ چەتكە چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، قەشقەردە قېلىپ، كېيىن شېڭ شىسەي بىلەن سوۋېتنىڭ بىرلەشمە ئارمىيىسى تەركىۋىدىكى ئەخمەت مەخسۇم پولكىنىڭ يۇسۇپ لىيەنجاڭ لىيەنىدە جەڭچى بولغان ھەمدە شېڭ شىسەي ئۈچۈن قان كېچىپ جانپىدالىق بىلەن ئۇرۇش قىلغان. شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يۈز ئۆرۈگەندە سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كېتىپ، گېئولوگىيە ئىنژېنېرى بولغان. 50 - يىللاردا ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ ئۈرۈمچى كان ئىدارىسىدە ئىشلىگەن. 60 - يىللاردا ئەكسىلئىنقىلابچى دېگەن قالپاق بىلەن قولغا ئېلىنىپ 18 يىل تۈرمىدە ياتقان.

ئۇنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، 1937 - يىلى 2 - ئاپرېل كۈنى مەھمۇت سىجاڭ قەشقەردىن چىقىپ كېتىشتىن ئىلگىرى شايارلىق مۇئاۋىن پولك كوماندىرى ياقۇپقا قۇربانىنىيازنى ئېتىۋېتىپ، 31 -، 32 - پولكلارنى باشلاپ يېڭىسارغا بېرىشنى ئورۇنلاشتۇرغان. مەھمۇت سىجاڭ قەشقەردىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ياقۇپ قۇربانىنىيازنى ئاتقان، بىراق ئوق ئۇنىڭ پۇتىغا تېگىپ ئۆلمەي قالغان، قۇربانىنىيازمۇ ئۇنى ئېتىپ ياردار قىلغان. نەتىجىدە ئىككى پولكتىكى ئازغىنە ئەسكەر مەھمۇت سىجاڭنىڭ ئالدىن ئورۇنلاشتۇرغان پىلانى بويىچە شەھەردىن چىقىپ، يېڭىساردىكى قىسىملارغا قوشۇلغان. قالغانلىرى ئامالسىز قالغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىشنىڭ تەكتىنى بىلمىگەچكە قەشقەردە تۇرۇپ قالغان.

1937 - يىل 5 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئابدۇنىياز كامال قەشقەر كوناشەھەر ئەتراپىغا يېتىپ كېلىپ، ئەتىسى تاڭ سەھەردە يۇملاق شەھەر قەلئەسىنى قورشاۋغا ئالغان. شەھەردە قالغان 31 -، 32 - پولكلارغا شېڭ شىسەي تەرىپىدىن مۇۋەققەت سىجاڭلىققا تەيىنلەنگەن قۇربانىنىياز ئەسكەرلەرنى سېپىل ئۈستىگە چىقىپ ئابدۇنىياز كامال قىسىملىرىغا زەربە بېرىشكە بۇيرۇغان. ئەسكەرلەر پەستىكىلەرنىڭ ئۆز قېرىنداشلىرى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئوق چىقارمىغان. بەزىلىرى سېپىلدىن سېرىلىپ چۈشۈپ قارشى تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەن. بۇ دەل شېڭ شىسەينىڭ سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ ياردىمىدە ئابدۇنىياز كامال قوشۇنىغا قارشى جازا يۈرۈشى تەشكىللەۋاتقان ۋاقتى بولغاچقا، تەييارلىق پۈتكىچە ئابدۇنىياز كامال، ماخۇسەنلەرنى بىخۇتلاشتۇرۇپ ۋاقىتنى قولغا كەلتۈرۈش، 31 -، 32 - پولكتىكى ئەسكەرلەرنىڭ قارشى تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، قەشقەردە تۇرۇشلۇق سوۋېت كونسۇلى ئارىغا كىرىپ قۇربانىنىياز باشچىلىقىدىكى 31 -، 32 - پولكنى كوناشەھەرنى بىكارلاپ يېڭىشەھەرگە چىقىپ كېتىش ئارقىلىق ئابدۇنىياز قوشۇنلىرىنىڭ شەھەرگە كىرىپ ئورۇنلىشىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بېرىش توغرىسىدا ماداراچىلىق قىلغان. نەتىجىدە تۇردىيوف سۇلتان ناسىرمۇ يۇقىرىقى ئىككى پولك تەركىۋىدە يېڭىشەھەرگە چىقىپ ئورۇنلاشقان. شۇ يىلى 9 - ئايدا سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ ماشىنىلاشقان قىسىملىرى ئەركەشتام، سىمخانا قاتارلىق ئېغىزلاردىن كىرىپ ئابدۇنىياز كامال بىلەن ماخۇسەننىڭ بىرلەشمە ئارمىيىسىگە ھاۋا ۋە قۇرۇقلۇقتىن شىددەتلىك ھۇجۇم قىلغان. ئاقسۇدا ئۇرۇش قىلىۋاتقان ئابدۇنىياز دىۋىزىيىسىنىڭ ئوق - دورىلىرى تۈگەپ چېكىنىشكە مەجبۇر بولغان، قەشقەر فرونتىدىكى ماخۇسەننىڭ بىرىگادا كوماندىرى ما شىڭكۈي 2000 ئەسكەر بىلەن قارشى تەرەپكە تەسلىم بولغان. شۇنىڭ بىلەن بىرلەشمە ئارمىيە پۈتۈن سەپ بويىچە يېمىرىلگەن. سوۋېت - شېڭ شىسەي بىرلەشمە ئارمىيىسى 31- ۋە 32 - پولكتىكى ئۇيغۇر ئەسكەرلەر بىلەن ماشىڭكۈي قىسىملىرىنى ئاۋانگارت قىسىم قىلىپ ئالدىغا سېلىپ ماخۇسەن قىسىملىرىغا قوغلاپ زەربە بەرگەن.

(داۋامى 45 - بەتتە)

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# چاررۇسىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمرانلىقىدىكى تۈركىي خەلقلەر

گاۋىن ھامبىلى (ئامېرىكا)

## 1. روسىيە ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئالتۇن ئوردا ئەۋلادلىرى

روسىيە تېررىتورىيىسىدىكى ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ ۋارىسى بولغان دۆلەتلەردىن قازان خانلىقى، ئاستراخان خانلىقى ۋە قىرىم خانلىقلىرى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 1552 -، 1554 - ۋە 1783- يىللىرى بويسۇندۇرۇلۇپ روسىيىگە قوشۇۋېلىندى.

روسىيە ئاستراخان خانلىقىنى يۇتۇۋالغاندىن كېيىن سابىق ئاستراخان خانلىقىدىكى خان ئەۋلادلىرى تۈركىستانغا پاناھلىق تىلەپ كەلدى. كېيىنچە ھەتتا تۈركىستاندا يەنە بىر ئاستراخان خانلىقىنى قۇرۇپ چىقتى. بۇ دۆلەت X Ⅶ ئەسىرگە كەلگەندە بۇخاراغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى. بىراق بۇ دۆلەتنىڭ قۇرغۇچىسىنىڭ ئاستراخان خانلىقىنىڭ خان ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بۇ خانلىقنىڭ سابىق ئاستراخان خانلىقى بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا ۋولگا دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىدىكى رايونلارغىمۇ ئاندا-مۇندا مۇسۇلمانلار تارقالغان بولسىمۇ، ئۇلارمۇ تېزلا زاۋاللىققا يۈز تۇتۇپ تىلغا ئالغۇچىلىكى قالمىدى. ئۇلار ھەتتا ئۆز تارىخىنىمۇ قالدۇرالمىدى. بىراق ئاستراخان شەھىرى مۇسۇلمانچە ئالاھىدىلىكلىرىنى ساقلاپ قالغان بولۇپ، 1905 - يىلدىن كېيىن ھەتتا ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم مەركىزى سۈپىتىدە قايتا گۈللەندى. يەنە بىر ياقتىن، قازان ۋە قىرىمدىكى تاتارلار روسىيە ئىستىلاسىدىن كېيىن بىر مەيدان ئۆزگىرىشنى باشتىن كەچۈردى، بۇ ئۆزگىرىش بولسا پۈتكۈل مۇسۇلمانلار دۇنياسىنىڭ تارىخىغا تەسىر كۆرسەتتى.

### A• روسىيە ھۆكۈمرانلىقىدىكى قازان تاتارلىرى

1552 - يىل 10 - ئاينىڭ 2 - كۈنى قورقۇنچلۇق ئىۋاننىڭ قوشۇنى قازانغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلدى. قازان - قازان خانلىقىنىڭ پايتەختى ۋە ئىلگىرىكى بۈيۈك بۇلغار پادىشاھلىقى بىلەن ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ مىراس يېرى ئىدى. ئەمدىلىكتە موڭغۇللارغا بېقىندى بولۇشتىن قۇتۇلغان رۇسلار ئۆزلىرىنىڭ سابىق خوجايىنلىرىنىڭ بۇ ئەۋلادلىرىدىن قەبىھلىك بىلەن قىساس ئېلىشقا باشلىدى. روسىيىنىڭ شەرقىدىكى بۇ مۇسۇلمانلار بۇ «دىنسىز» ھۆكۈمرانىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا تۆت ئەسىردىن كۆپرەك ياشىدى.

قانلىق قىرغىنچىلىق بىلەن تولغان بويسۇندۇرۇش ئۇرۇشلىرىدىن كېيىن رۇسلار قەدەم باسقۇچلار بويىچە قازان خانلىقىنىڭ زېمىنلىرىنى ئىگىلەشكە باشلىدى. قازان خانلىقىنىڭ زېمىنى «قازان خانلىقى» دېگەن نام ئاستىدا رۇسلار تەرىپىدىن يۇتۇۋېلىندى. قازان رايونىدا رۇسلار ئەسلىدىكى قازان خانلىقىنى ئۈزۈل - كېسىل رۇسلاشتۇرۇۋېتىش ھەمدە مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ توپىنى ئۆز جەمئىيىتىگە قوشۇۋېلىش مەقسىتىدە نادانلاشتۇرۇش سىياسىتىنى يۈرگۈزدى. ۋولگا



دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمىدىكى رايونلاردا رۇسلار «تاتارسىزلاشتۇرۇش» سىياسىتىنىڭ 1 - قەدىمىنى ئىجرا قىلىپ، تاتارلارنى بارلىق ئاساسىي شەھەرلەردىن، بولۇپمۇ قازان شەھىرىدىن قوغلاپ چىقاردى. ھازىرغا قەدەر قازان شەھىرىنىڭ نوپۇسىدا رۇسلار كۆپ سانلىقنى تەشكىل قىلىدۇ. رۇسلار يەنە چوڭ دەريا ياقىلىرىدىكى مۇنبەت يەرلەرنى يېڭىۋاشتىن رۇس ئاقسۆڭەكلىرى ۋە چېركاۋلارغا تەقسىم قىلىپ بەردى ھەمدە ئىستراتېگىيىلىك جايلارغا قورغان سېلىپ چىقتى. بۇنىڭ بىلەن روسىيە دېھقانلىرى ۋولگا دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمىدىكى رايونلارغا كەلكۈندەك يامراپ كەلدى. بۇ يەردىكى يەرلىك مۇسۇلمانلار ۋە باشقا خەلقلەر ناھايىتى تېزلا ئاز سانلىق مىللەت بولۇپ قالدى. بۇ خىل يەر سىياسىتىنىڭ يۈرگۈزۈلۈشى ئەمەلىيەتتە يەرلىك ئاھالىلەرنى خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا مەجبۇرلاش سىياسىتىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ئىدى. ئارقىدىنلا ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ تۈرلۈك ئىمتىيازلىرى بىكار قىلىندى، ۋەخپە يەرلەر تارتىۋېلىندى، مەسچىت - مەدرىسىلەر بۇزۇپ تاشلاندى ياكى تاقىۋېتىلدى. يەرلىك ئاھالىنى خىرىستىيان دىنىغا چوقۇندۇرۇشنى 1555 - يىلى قازاندىكى تۇنجى نۆۋەتلىك ئېپىسكوپ گۇرى باشلاپ بەردى. يەرلىك ئاھالىنىڭ خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلىشى روسىيىدىكى پراۋىسلاۋىيە دىنى مۇرتلىرىغا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان تاتارلار ۋە تۈرلۈك روھ - ئەرۋاھلارغا چوقۇنىدىغان فىنلاندلارنى يېڭى بىر مۇھىم تەركىپ سۈپىتىدە ئېلىپ كىردى. ئەڭ ئاخىرىدا رۇسلار ئۆز نەزەرىدە خەتەرلىك دەپ قارالغان تاتار فېئوداللار قاتلىمىنى يوقىتىشقا كىرىشتى. شۇنىڭ بىلەن تاتار فېئودال ئاقسۆڭەكلىرى ئۇچۇن يا خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلىش، يا پەۋقۇلئاددە ئىمتىيازدىن ئايرىلىشتىن بىرىنى تاللاشقا توغرا كەلدى.

تاتارلار ئۇزۇن مەزگىللەرگىچە قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتتى. بۇ خىل قارشىلىق 1552 - يىلى 11 - ئايدىكى قانلىق قوزغىلاڭدىلا نامايەن بولدى. فېئودال ئاقسۆڭەكلەر رەھبەرلىك قىلغان بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭ 1610 - يىلغا قەدەر داۋاملاشتى. بۇ ۋاقىتتا قىرىم خانلىقى قۇدرەت تېپىۋاتقان بولغاچقا تاتار ئاقسۆڭەكلىرى قىرىم خانلىقىنىڭ ياردىمى بىلەن ئەسلىدىكى قازان خانلىقىنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقماقچى بولدى. مۇشۇ 50 يىل مابەينىدە بىز ئاز دېگەندە 10 قېتىملىق قوزغىلاڭنى ساناپ بېرەلەيمىز. بۇ قوزغىلاڭلاردىن ئەڭ ئېچىنىشلىق بولغىنى 1552 -يىلدىكى خۇسەيىن سېيىت قوزغىلىڭى، 1556 - 1557- يىللاردىكى مامىش بېردى قوزغىلىڭى، قىرىم خانى دەۋلەت گېرەينىڭ موسكۋاغا ھۇجۇم قىلىشى بىلەن بىرگە ئۆزى شەخسەن رەھبەرلىك قىلغان 1572-1574- يىللاردىكى چوڭ قوزغىلىڭى، يەنە 1608 - يىلدىكى ۋە 1610- يىلدىكى قوزغىلاڭلار بولدى. بۇ قوزغىلاڭلارنىڭ ھەممىسى بەكمۇ ۋەھشىيانە رەۋىشتە باستۇرۇۋېتىلدى. مانا مۇشۇ جەرياندا تاتار ئاقسۆڭەكلەر قاتلىمى ئاساسەن دېگۈدەك يوقىتىلدى.

XVII ئەسىرنىڭ باشلىرى دېھقانلار قوزغىلىڭى دەۋرىنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بەردى. 1608 - يىلدىن تارتىپ ئارقا - ئارقىدىن دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلاپ 1615 - يىلغىچە داۋاملاشتى. ئۈزلۈكسىز كۆتۈرۈلگەن قوزغىلاڭلار يېڭى - يېڭى چوڭ قىرغىنچىلىقلارغا سەۋەب بولدى. تاتارلار يەنە 1670 - 1671 - يىللىرىدىكى ستېفان رازىن باشچىلىقىدىكى كازاكلارنىڭ موسكۋا ھاكىمىيىتىگە قارشى ئىچكى ئۇرۇشىغا قاتناشتى.

رومانوف خانلىقىنىڭ ھاكىمىيەت سورىشى ۋولگا ۋادىسىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتەلمىدى. 1731 - يىلى قازان ئېپىسكوپى لۇكاكوناشېۋىچ يېڭىۋاشتىن مەجبۇري خاراكتېردىكى دىني ئېتىقادنى ئۆزگەرتىش ھەرىكىتىنى قوزغىدى، بۇقېتىمقى ھەرىكەت ئىلگىرىكى چاغلاردىكى ھەرقانداق بىرىدىن قاتتىق بولدى. تاتاردېھقانلىرىنىڭ ئېچىنىشلىق مۇھىتى ئۇلارنى يېڭىدىن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە مەجبۇر قىلدى. بۇقېتىمقى قوزغىلاڭدا داغدۇغىسى ئەڭ چوڭ بولغىنى باتۇرشاھنىڭ 1775- يىلدىكى «دىنسىزلار»غا قارشى «غازات» بايراق قىلىنغان قوزغىلىڭى بولسا، ئەڭ ئاساسلىقى 1773- 1774 - يىللاردىكى پۇگاچېف رەھبەرلىكىدىكى قوزغىلاڭ بولدى. پۇگاچېفنىڭ قوزغىلاڭچى قوشۇنىدا

www.uyghurkitap.com

تاتارلار، باشقىرتلار، ۋولگا بويىدىكى فىنلاندلار ۋە قازاقلار قاتارلىق زورتۇركۇمدىكى يات مىللەتلەر بارئىدى. تاتارلارنىڭ ئۈمىدسىز قارشىلىقىنىڭ تولۇقلىمىسى سۈپىتىدە تاتار مىللىتىمۇ چوڭقۇر ئىجتىمائىي قۇرۇلما ئۆزگىرىشىنى باشتىن كەچۈردى. شەھەرلەردىن قوغلاپ چىقىرىلغان ئاقسۆڭەكلەرۋە قول ھۈنەرۋەنلەر يېزا - قىشلاقلارغا بېرىپ، ئەڭ ئاخىرى يېڭى بىر سودا قاتلىمى بولۇپ شەكىللەندى. بۇ قاتلام پۇختا قەدەملەر بىلەن شەرققە سىلجىپ، ھەرقايسى جايلاردا ئاۋات سودا نۇقتىلىرىنى قۇرۇپ چىقتى. تاتارلارنىڭ ئۆز يۇرتىدىكى مۇھىم ئورنىنىڭ ئاجىزلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئۇلار تەدرىجىي يوسۇندا يېڭى سودا ئوتتۇرا قاتلىمىدىكى بۇرژۇئازىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى سەرگەردان قەۋم بولۇپ قالدى.

يېكاتېرىنا II نىڭ تەختكە چىقىشى بىلەن روسىيىنىڭ تاتارلارغا قاراتقان سىياستىدە تۈپتىن ئۆزگىرىش بولدى. يېكاتېرىنا بىر تەرەپتىن پۇگاچېف قوزغىلىڭىغا ئوخشاش ئاۋارىچىلىقنىڭ قايتا يۈز بېرىشىدىن ساقلىنىشقا تىرىشقانىدى، يەنە كېلىپ ئۇ تاتار سودىگەرلەر توپىنىڭ روسىيە چېگرىسىدىكى پايدىلىق ئورنىنى تولۇق تونۇپ يەتكەنىدى. شۇڭا بۇ ئايال پادىشاھ تاتارلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنى ياخشىلاش ئۈچۈن تۈرلۈك تەدبىرلەرنى قوللاندى. ئۇ دىنىي زىيانكەشلىككە خاتىمە بېرىپ، روسىيە ۋە سىبىرىيىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئورېنبۇرگدا «دىنىي ئۇيۇشما» تەسىس قىلدى. يېكاتېرىنا II يەنە قالدۇق تاتار ئاقسۆڭەكلىرى ۋە روسىيە ئاقسۆڭەكلىرىگە باراۋەر ئىمتىياز بېرىپ، تاتار سودىگەرلىرىنىڭ ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئىگە بولۇشىغا، ئۇلارنىڭ تېزدىن راۋاجلىنىۋاتقان روسىيە سانائىتى بىلەن تۈركىستان بازىرى ئوتتۇرىسىدىكى سودىغا ۋاستىچى بولۇپ بېرىشىگە ئىجازەت بەردى (بۇ ۋاقىتتىكى تۈركىستان بازىرى مۇسۇلمان بولمىغانلار ئۈچۈن يەنىلا تاقاق ئىدى). مانا مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە ئوتتۇرا قاتلام تاتار تەبىقىسى ھېچقاچان كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىقتىسادىي گۈللىنىش ۋەزىيىتىگە قەدەم قويدى ھەمدە بۇ ھالەت بىر ئەسىردىن ئۇزاقراق داۋاملاشتى. تاتارلار چارروسىيە ئىمپېرىيىسى سىياستىنىڭ «ھەمكارلاشقۇچىلىرى» بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ كۆڭۈل رىشتىسى يەنىلا ئىسلامغا چىڭ باغلانغانىدى. ئۇلار ئاڭلىق رەۋىشتە ئۆز مىللىتىگە بولغان مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى ساقلاپ كەلگەنىدى. پاكىتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، بۇ سودىگەرلەر بىر تەرەپلىمە ھالدىكى مۇسۇلمانلارنى قوغداش ئىشىنى ئاللىقاياقلارغا چۆرۈۋەتكەنىدى. ئەگەر ئاشۇ سودىگەرلەر بولمىغان بولسا ئىسلاھات ھەرىكىتى ۋە XIX ئەسىردىكى «تاتار ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ ئويغىنىش دەۋرى» يۈز بەرمىگەن بولاتتى.

روسىيە قوشۇنلىرىنىڭ 1806 - يىلى ئوتتۇرا ئاسىيانى مەڭگۈلۈك ئىستېلا قىلىشى بىلەن روسىيە ۋە تاتار كاپىتالىزمى ئوتتۇرىسىدىكى ھەمكارلىقمۇ ئاخىرقى پەللىگە يېقىنلىشىشقا باشلىدى. روسىيىنىڭ ئىستېلاسى نەتىجىسىدە ئوتتۇرا ئاسىيا روسىيە سانائىتىگە ئىشىكىنى داغدام ئېچىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن تەڭلا تاتارلارنىڭ ۋاستىچىلىقىمۇ ئاخىرلاشتى. ئالېكساندىر II ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە روسىيە ھۆكۈمىتى مۇسۇلمانلارغا قارشى ئېغىر بېسىمنى ئەسلىگە كەلتۈردى. يېكاتېرىنا II ئەمەلدىن قالدۇرغان خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلدۇرۇش سىياستى تېخىمۇ چىۋەرلىك بىلەن ئۈنۈملۈك ھالدا ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. ئىستاتىستىكىلىق مەلۇماتلارغا قارىغاندا XIX ئەسىردە 200مىڭغا يېقىن تاتار خىرىستىيان بولۇپ كەتكەن. بۇ ۋاقىتلاردا ئۇرال، قازاق يايلىقى ۋە تۈركىستاندىكى تاتارلارغا ئوخشاشلا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان خەلقلەر ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە تاتارلارنىڭ كونتروللۇقى ئاستىدا تۇراتتى. تاتارلارنىڭ بۇ خىل رولىنى ئاخىرلاشتۇرۇش ئۈچۈن روسىيە ھۆكۈمىتى تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ ناھايىتى قاتتىق قانۇن تۈرغۇزۇش ۋاستىلىرىنى قوللاندى.

تاتار مىللىتىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى ۋە ئۇلارنىڭ ماددىي مەنپەئەتىگە قوشلاپ زەربە بېرىدىغان تەھدىت تاتارلارنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىنى قوزغىدى. بۇ ئىنكاسنىڭ بىۋاستە نەتىجىسى تاتارلاردىكى ئىسلاھاتچىلىق ھەرىكىتى بولدى. مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن

ئۆزلىرىنىڭ قالاق مەدەنىيىتىنى ئىسلاھ قىلىپ، ئىسلام دىنى بىلەن مائارىپنى ماسلاشتۇرۇشقا ئىنتىلدى. مەدەنىيەت جەھەتتىكى بۇ ئويغىنىش ھەرىكىتىنى بىر تۈركۈم تالانتلىق دىنىي مۇتەپەككۇرلەر ئورۇنلىدى. بۇلار ئەبۇ ناسىر كۇرساۋى (1783 ـ 1814)، شىھابىددىن مارجانى (1818 ـ 1889)، رىزائىددىن پەخرىددىن (1859 ـ 1936) ۋە مۇسا جارۇللابەگ (1875 ـ 19؟) قاتارلىقلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا ئۆز دەۋرىنىڭ ئەڭ قەيسەر كىشىلىرى ئىدى، شۇنداقلا ئۇلار بىلىمدە ئەڭ كامىل ئۆلىمالار ئىدى. تاتارلار ئۇچۇن ئېيتقاندا، قالاق مائارىپ تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتىشمۇ ناھايىتى زۆرۈر ئىدى. شۇڭا مائارىپ تۈزۈمى مەسىلىسىگە ئەڭ دەسلەپ تىل ئىسلاھاتچىسى ئابدۇقەييۇم ناسىرى قول سالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن زور بىر تۈركۈم يازغۇچىلار مۇشۇ خىزمەت بىلەن مەشغۇل بولدى. كىشىلەر ھېلىھەم ئۇلارنى XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىكى «تاتار ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنىڭ قايتا گۈللىنىشى» نى شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتۈرگۈچىلەر دەپ قاراپ كەلمەكتە. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىسمائىل بەي گاسپىرىنىسكى («روسىيە ھۆكۈمرانلىقىدىكى قىرىم» دېگەن ماۋزۇغا قاراڭ) نىڭ بەزى مۇخلىسلىرىمۇ يېڭىچە مائارىپنى تاتارلار ئارىسىغا ئېلىپ كېلىپ تونۇشتۇردى. XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قازان ۋە باشقا تاتار شەھەرلىرى (ئورېنبۇرگ، ترويىسكى، ئاستراخان قاتارلىقلار) مەدرىسە، نەشىر بۇيۇملىرى ۋە تاتار تىلىدىكى نەشىر بۇيۇملىرى ئارقىلىق بۇ شەھەرلەرنىڭ پارلاق مەدەنىيەت مەركەزلىرى بولۇشتەك ئورنىنى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈردى. بۇ شەھەرلەرنىڭ داڭقى تاتارلار رايونىدا ئەمەس، ھەتتا روسىيە چېگرىسىدىنمۇ ھالقىپ كەتتى.

بىراق، تاتارلار باشقا بىر ئەۋزەللىككە تايىنىپ روسىيە ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قالالمىدى. ئۇ بولسىمۇ تاتارلارنىڭ روسىيە تەۋەلىكىدىكى باشقا تۈركىي خەلقلەر بىلەن بولغان تىل جەھەتتىكى تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتى ۋە دىنىي جەھەتتىكى ئالاقىسى ئىدى. بۇ مۇناسىۋەتلەر ئاساسىدا تاتارلار ئۆز تەسىرىنى ھەر تەرەپكە كېڭەيتىپ، پانتۈركىزىم ۋە پانئىسلامىزىملىق ئىدىيەلەرنى تارقىتىشقا مۇۋەپپەق بولالىدى. دەل مۇشۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن مىللەتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ ئەڭ ئالدىنقى سېپىدە تاتارلار رۇسلار بىلەن بىۋاسىتە تىركىشىدىغان ئورۇنغا ئۆتتى. بۇ مىللەتچىلىك ھەرىكىتىگە روسىيىدىكى بارلىق مۇسۇلمان مىللەتلەر ئىشتىراك قىلغانىدى.

بىرىنچى قېتىملىق روسىيە ئىنقىلابى تاتار مىللەتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ رەھبەرلىرى ئۈچۈن بىر قېتىملىق پۇرسەت بولدى. ئۇلار 1905 ـ ۋە 1906ـ يىللىرى ئاستىن نوۋگورود ۋە سانكىت پېتىربورگدا ئۈچ قېتىم ئىسلام قۇرۇلتىيى چاقىرىپ، ئۆزلىرىنىڭ تەلىپىنى ئاشكارا جاكارلىدى. ئەمما بۇ كىشىلەرنىڭ تەلىپى ناھايىتى چەكلىمىلىككە ئىگە بولۇپ، ئۇلار پەقەت سىياسىي جەھەتتىكى باراۋەرلىك، دىنىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردىكى ئەركىنلىك قاتارلىقلارنىلا تەلەپ قىلغان بولۇپ، ھەتتا مۇستەقىللىق تەلىپىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويمىغانىدى.

ئەمدىلىكتە ھېچقانداق كۈچ رۇسلارنىڭ تۈركىستانغا بېسىپ كىرىشىنى توسۇپ قالالمايدىغاندەك قىلاتتى. بۇ ۋاقىتتىكى تۈركىستان رايونى خىۋا، بۇخارا ۋە قوقان قاتارلىق ئۈچ خانلىققا بۆلۈنۈپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا ئىچكى ئۇرۇش ۋە چارۋىچىلار قوزغىلىڭى نەتىجىسىدە ھالىدىن كەتكەنىدى. تېخىمۇ يامىنى تۈركىستان ئىقتىسادىنىڭ قالاقلىقى ۋە زامانىۋى قوشۇننىڭ كەملىكى تۈپەيلىدىن رۇسلارنىڭ ئىستىلاسىغا قارشى تەشكىللىك قارشىلىق كۆرسىتىش مۇمكىن بولماي قالدى. ئەمما، قىرىم ئۇرۇشى، قازاق قەبىلىلىرىنىڭ ئىسيانى ۋە كاۋكاز ئۇرۇشى قاتارلىق ئامىللار تۈپەيلىدىن، رۇسلارنىڭ بويسۇندۇرۇش ئۇرۇشى جىق سوزۇلۇپ كەتتى. تاكى ئىمام شامىل قوشۇنلىرىنى ئۇزۇل ـ كېسىل مەغلۇب قىلىپ، داغىستاندىكى قوشۇنلارنىڭ قولىنى بىكار قىلغاندىن كېيىنلا رۇسلارنىڭ تۈركىستاننى يۇتۇۋېلىشى قەدەم باسقۇچلۇق ھالدا داۋاملاشتى. 1864 ـ يىلى گېنېرال چېرنيايېف قوماندانلىقىدىكى قوشۇن ۋېرنىدىن يولغا

چىقىپ، تۈركىستان شەھەرلىرىدىن يەسسىنى ھۇجۇم بىلەن ئالدى، ئاندىن چىمكەنتنى ئىشغال قىلدى. 1865 - يىلى قوقان خانلىقىغا تەۋە تاشكەنتنى ئىگىلىدى. ئىككى يىلدىن كېيىن رۇسلار بۇخاراغا ھۇجۇم قىلدى. 1868 - يىل 5 - ئايدا سەمەرقەنتنى ئالدى. شۇ يىلى 6 - ئايدا زىرابۇلاقتىكى جەڭدە بۇخارا قوشۇنلىرى يېڭىلدى. 1868 - يىلى 6 - ئاينىڭ 18 - كۈنى بۇخارا ئەمىرى رۇسلار بىلەن سۈلھى تۈزۈپ، رۇسلارنىڭ ھامىيلىقىنى قوبۇل قىلدى. 1873 - يىلى تاجاۋۇزچىلىقنىڭ تىغ ئۇچى خىۋاغا قارىتىلدى ھەمدە خىۋا خانلىقىنىڭ پايتەختى ئىشغال قىلىندى. 8 - ئاينىڭ 12 - كۈندىكى بىر شەرتنامە بىلەن خىۋا خانلىقىنىڭ مۇستەقىللىق ئورنىغا خاتىمە بېرىلدى.

1875 - يىلى رۇسلار ئاخىرى قوقان خانلىقىغا ھېسپ كىردى، 8 - ئاينىڭ 29 - كۈنى پايتەخت قولدىن كەتتى. 1876 - يىلى 2 - ئاينىڭ 19 - كۈنى رۇسلار ئۆزلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەڭ خەتەرلىك رەقىبى بولغان قوقان خانلىقىنى يوقاتتى، ئارقىدىنلا قوقان تۈركىستان گوبېرناتورلۇقىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1873 - 1874 - يىللىرى رۇسلار تۈركمەنىستاننى ئىگىلەپ تاجاۋۇزچىلىق پىلانىنى ئاخىرلاشتۇردى. گېنېرال سكوبېلېفنىڭ كۆكتۆپە ۋادىسىنى ئىشغال قىلىشى (1879 - يىلى) ۋە 1884 - يىلى تۈركمەنىستاننى بويسۇندۇرۇشى بىلەن رۇسلارنىڭ تۈركمەنىستاننى بويسۇندۇرۇش پائالىيىتى ئاخىرلاشتى.

بۇخارا ۋە خىۋادىن ئىبارەت بۇ ئىككى ھامىيلىقتىكى دۆلەتنى ھېسابقا ئالمىغاندا، رۇسلار تۈركىستاننى ھەربىي ئىدارە قىلىش ئۇسۇلى بويىچە گوبېرناتورنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. گوبېرناتور بولسا قۇرۇقلۇق ئارمىيە شتابىغا بويسۇناتتى. رۇسلار مۇسۇلمانلارغا مۇستەملىكە پوزىتسىيىسىدە بولدى. رۇسلار ئىستىلا قىلغان باشقا مۇسۇلمانلار رايونىغا سېلىشتۇرغاندا، رۇسلارنىڭ تۈركىي خەلقلەرگە قاراتقان تەدبىر - سىياسەتلىرى سەل باشقىچە بولدى: ئۇلار تۈركىستان يەرلىك ئاھالىسىنىڭ رۇسلىشىشىنى ياكى يەرلىك ئاھالىنىڭ ياۋروپا مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىشىنى قەتئىي خالىمىدى. تۈركىستان خەلقى روسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ پۇقراسى دەپ قارالمىدى. شۇنداقلا ھەربىي مەجبۇرىيەتمۇ ئۆتىمىدى. تۈركىستان خەلقى ئۆزلىرىنىڭ ئىسلام شەرىئىتى ئاساسىدىكى قانۇن - تۈزۈمىنى ساقلاپ قالدى، يەنە ئۆزلىرىنىڭ يەرلىك باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرىنىمۇ ساقلاپ قالدى. روسىيە دائىرىلىرى تۈركىستاندا ئەنئەنە ئەڭ كۈچلۈك ساقلىنىپ قالغان بىر جەمئىيەت فورماتسىيىسىنىڭ بولۇشىنى ئۈمىد قىلاتتى. بۇ جەمئىيەت ئۇچىغا چىققان ئىسلام مۇتەئەسسىپلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا، تاشقى دۇنيانىڭ ھەرقانداق تەسىرىنى چەتكە قاقاتتى، بولۇپمۇ بۇ يەرلىك ھۆكۈمرانلار ۋولگا دەريا ۋادىسىدىكى تۈركىستان خەلقى بىلەن ئورتاق دىنىي ئېتىقادقا ئىگە، شۇنداقلا يۈكسەك مەدەنىيەتلىك كىشىلەرنىڭ تۈركىستان خەلقى بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشىغا قارشى تۇراتتى. ئۇلار يەنە تاتارلارنىڭ ئورىنبۇرگدىكى ئىسلام ئۇيۇشمىسىنىڭ تەسىرىنى تۈركىستانغا كېڭەيتىش تەلەپلىرىگىمۇ قارشى ئىدى. مانا مۇشۇ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تۈركىستان خەلقىنىڭ مىللىي ئويغىنىش ھەرىكىتى روسىيىدىكى باشقا تۈركىي خەلقلەردىن جىق ئاستا بولدى.

تۈركىستان بوستانلىق رايونلارغا تەۋە بولۇپ، قازاق يايلىقى ۋە قىرغىز داللىرىغا سېلىشتۇرغاندا كۆچمەنلەرنىڭ كۆچۈپ كېلىشىگە مۇۋاپىق كەلمەيتتى. ئەقەللىسى بۇ يەردىكى دېھقانچىلىق قىلغىلى بولىدىغان تېرىلغۇ يەرلەر تولىمۇ ئاز ئىدى، ھەتتا ئاشۇ ئازغىنە ئولتۇراق ئاھالىنىڭ كىرىپ كېلىشىمۇ ئاللىقاچان رۇسلار بىلەن تۈركىستان دېھقانلىرى ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشقا سەۋەب بولالايتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا روسىيە ئىشچىلىرى تۈركىستانغا كېلىپ تۆمۈريول ۋە توقۇمىچىلىق زاۋۇتلىرى قۇرۇشقا ياردەملەشتى. كېيىنچە، تۈركىستان شەھەرلىرى ناھايىتى تېزلا مۇستەملىكە شەھەرلىرىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولدى. يەرلىكلەرنىڭ كونا شەھەرلىرىگە يانداشتۇرۇلۇپ، «ياۋروپاچە» ئولتۇراق رايونلار ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلدى.

روسىيە مۇستەملىكىچىلىكىگە قارشى كۈرەش XIX ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرى دىنىي ئالاھىدىلىك

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئاساسىدا كۆتۈرۈلدى. «كاپىر» لارغا قارشى بۇ خىل «غازات» ئۇرۇشى بەزىدە سابىق قوقان خانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلدى. «غازات» ئۇرۇشىنىڭ قوماندانلىرى ئاساسەن دېگۈدەك دىنىي ساھەدىكىلەر بولۇپ، دېھقانلار ۋە شەھەر قول - ھۈنەرۋەنلىرى ئۇلارنى قوللاپ - قۇۋۋەتلىدى. بۇ كۆرەشلەر ئىستىخىيلىك ۋە ھۆكۈمەتسىزلىك ھالىتىدە بولغانلىقى، يەنە كېلىپ تاشقى دۇنيانىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ھەمىشە ئوڭايلا باستۇرۇلۇپ كېتەتتى.

ئەڭ دەسلەپكى قوزغىلاڭ 1885 - يىلى پەرغانىدىكى سوپىلارنىڭ داھىسى خانتۆرە باشچىلىقىدا كۆتۈرۈلدى، بۇنىڭغا ئۇلىشىپلا 1891 - يىلى نەمەنگان رايونىدا ۋە 1892 - يىلى تاشكەنت ۋە قوقان رايونلىرىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى. 1898 - يىلى كۈنسېرى ئۇلغىيىۋاتقان نارازىلىق ئارقىسىدا نەقشبەندىيە تەرىقىتىدىكى سوپىلار ئىشان مەدەلىخان باشچىلىقىدا تېخىمۇ زور كۆلەملىك قوزغىلاڭنى تەشكىللىدى. مەدەلىخان 2000دىن ئارتۇق كىشىنى توپلاپ، غازاتقا ئاتلىنىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. قوزغىلاڭچىلار ئەنجاندىكى رۇس قوشۇنلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ ئانچە - مۇنچە غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، ئاخىرى يەنىلا مەغلۇپ بولدى ۋە ئېچىنىشلىق تۈردە باستۇرۇپ تاشلاندى.

X X ئەسىرنىڭ باشلىرى روسىيە دائىرىلىرى تەدبىر قوللىنىپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلۈشتىن قاتتىق ساقلاندى. شۇنىڭدىن كېيىن رۇسلارنىڭ زۇلۇمىغا قارشى كۆرەش پەقەت جەدىتچىلىك نامى ئاستىدىلا ئېلىپ بېرىلدى.

قاتتىق تەقىپ مەۋجۇت بولسىمۇ، جەدىتىزم ۋە پانتۈركىزملىق ئىدىيىلەر X IX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە يەنىلا تۈركىستانغا كىرىپ كەلدى. دەسلەپ ئىسمائىل بەي گاسپىرالى ۋە ئۇنىڭ قىرىمدىكى شاگىرتلىرى بۇ ئىدىيىلەرنى كۆچەپ تەرغىب قىلىشتى. 1905 - يىلدىن كېيىن ۋولگا تاتارلىرىنىڭ ئىسلاھات ھەرىكەتلىرى تازا جانلىنىشقا باشلىدى. 1908 - يىلدىن كېيىن بولسا ئىسلاھاتچىلىق ھەرىكىتى «ياش تۈركچىلەر» پارتىيىسىنىڭ تەسىر ئاستىغا ئۆتۈشكە باشلىدى.

ياپونىيىنىڭ روسىيە بىلەن بولغان ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىشى رۇسلار بىلەن تۈركىستان خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە يېڭى بىر ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى. رۇسلارنىڭ يېڭىلمەسلىكى ھەققىدىكى ئەپسانە مەۋجۇتلۇقتىن قالدى. تۈركىستاندىكى كۆرەش بولسا تەدرىجىي سىياسىي تەلەپ قويۇش يۆنىلىشىگە قاراپ يۈزلەندى. تۈركىستاندا مەخپىي ياكى يېرىم ئاشكارا جەمئىيەتلەر قۇرۇلۇپ، مىللەتچىلىك مەزمۇنىغا ياتىدىغان ئەسەرلەر نەشىر قىلىپ تارقىتىلدى. «ياش بۇخارا» پارتىيىسى ۋە «ياش خىۋا» پارتىيىسى قاتارلىق بىر قىسىم سىياسىي تەشكىلاتلار بولسا ئاشكارا ئىنقىلابىي پائالىيەتلەرگە ئاتلاندى.

1917 - يىلىدىكى فېۋرال ئىنقىلابى تۈركىستان خەلقىگە ئۆز تەلەپلىرىنى ئاشكارا بايان قىلىش پۇرسىتىنى ئاتا قىلدى. 1917 - يىلى 5 - ئايدا ئۇلار تۈركىستاندا ئىسلام قۇرۇلتىيى چاقىرىپ، تۈنجى قارارلىق مىللىي ھۆكۈمەت - مىللىي ھەيئەتنى تەسىس قىلىپ چىقتى. ئۆكتەبىر ئىنقىلابى پارتلىغان مەزگىلدە مىللىي ھەيئەت ھاكىمىيەتنى ئىگىلەش ئۈچۈن قوقاندا تۈركىستان مۇسۇلمانلار ھۆكۈمىتىنى قۇردى. ئەمما بۇ ھۆكۈمەتنىڭ ئۆمرى بەكمۇ كالتە بولۇپ قالدى. قوقان ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆز ئىشلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىغۇدەك بىر غول مەمۇرىي ئەمەلدارلار قاتلىمى ياكى قوقان ھۆكۈمىتىنىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلايدىغان ھەمدە ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى قوغداپ قالالايدىغان قوشۇنىيوق ئىدى. 1918 - يىلى 1 - ئايدا تاشكەنتتىكى روسىيە سوۋېتى روسىيە ئىشچىلىرىدىن تەشكىللەنگەن قوشۇننى قوقانغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. 2 - ئاينىڭ 19 - كۈنى قوقان شەھىرى ئىشغال قىلىنىپ، قاتتىق بۇلاڭ - تالاڭ قىلىندى.

تۈركىستاندا تاشكەنتتىكى سوۋېت كوممۇنىستلىرى يەرلىك مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىغا مەھكەم دەسسەپ تۇرۇۋاتقان بولۇپ، كونتروللۇق ھوقۇقى تامامەن شۇلارنىڭ قولىدا ئىدى. بۇ بولسا سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ دەسلەپكى ئىككى يىلىدىكى بىر ئالاھىدىلىك ئىدى. بۇ ۋاقىتتا «ئاقلار ئارمىيىسى» تۈركىستاننى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ باشقا جايلىرىدىن

www.uyghurkitap.com

ئايرىپ تاشلىغانلىقتىن ئەكسىلئىنقىلابچىلارغا قارىتا سوۋېت ھۆكۈمىتى قاتتىق قوللۇق سىياسەتنى يۈرگۈزدى. ئەمما، سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈۋاتقىنى يالغۇز ئەكسىلئىنقىلابچىلار بىلەن كۆرەش قىلىشلا ئەمەس ئىدى، ئۇلار يەنە مۇسۇلمان ئىنقىلابچىلىرى بىلەن چەك - چېگرىنى ئېنىق ئاجرىتىشى كېرەك ئىدى. خۇددى تاشكەنت سوۋېتىنىڭ بىر رەھبىرى ئېيتقاندەك: «ئىنقىلابنى رۇسلار قوزغىغانىكەن، ئىنقىلابتىن مەنپەئەت ئالىدىغانلارمۇ شۇلار» بولاتتى. 1919 - يىلىنىڭ ئاخىرى ۋولگا ۋادىسىدىن كەلگەن بىر تارماق قىزىل ئارمىيە ئوتتۇرا ئاسىياغا يېتىپ كېلىپ، خىۋا خانلىقى (1919 - يىلى 11 - ئاي) ۋە بۇخارا خانلىقى (1920 - يىلى 2 - ئاي) نى يوقىتىشقا كىرىشتى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئىككى خانلىق خارەزىم ۋە بۇخارا جۇمھۇرىيىتى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى.

سوۋېت ھاكىمىيىتى غەلىبىگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتلەردىن كېلىۋاتقان قوش بېسىمنىڭ تەھدىتىدە، تۈركىستان سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ ئەھۋالى ناھايىتى چاتاق بولۇۋاتاتتى. بىر تەرەپتىن ئۇلار سانى 20 مىڭدىن ئېشىپ كەتكەن ۋە شەرقىي بۇخارا تاغلىق رايونىنى (ھازىرقى تاجىكىستان) نى مەھكەم تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان «باسما» چىلار قوماندانلىقىدىكى مۇسۇلمان پارتىزانلىرى بىلەن جەڭ قىلىشقا توغرا كەلدى. بۇ دېھقانلار قوزغىغان ۋە ئومۇميىلىق خاراكتېرىنى ئالغان، رۇسلارغا ۋە كوممۇنىزمغا ئوخشاشلا قارشى تۇرىدىغان كۆرەشنىڭ بىر قىسمى ئىدى. 1925 - يىلغا كەلگەندە خېلى قۇراللانغان سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ قول تىقىشى بىلەن بۇ كۆرەش تىنجىتىلىشقا باشلىدى. بىر قىسىم قوزغىلاڭچىلار ئافغانىستانغا ئۆتۈپ كەتتى، ئەمما يەككە - يىگانە قالغان قوزغىلاڭچىلارنىڭ بەزى توپلىرى تاغلىق رايونلاردا 1936 - يىلغىچە تىركەشتى. يەنە بىر ياقتىن كېلىۋاتقىنى جەدىتچىلەرنىڭ خەتىرى بولدى. 1920 - يىلدىن كېيىن ئەسلىدىكى جەدىتچىلەرنىڭ ھەممىسى كومپارتىيىگە ئەزا بولدى. بۇ كىشىلەر كوممۇنىزمچى بولغىنى بىلەن يەنىلا مىللەتچى ۋە پانتۈركىست ئىدى. بۇ كىشىلەر تۈركىستاننىڭ سىياسىي ھاياتىدا بىر مەھەل رول ئوينىدى. ئۇلار رۇسلارغا قارشى بولۇپ، مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭ كوممۇنىزمىنى ۋە تۈركىستان، قازاقىستان، قىرغىزىستان، باشقىرتىيە، تاتارىستان قاتارلىق جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان غايەت زور تۈركلەر دۆلىتىنى قۇرۇش كويىدا ئىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار تۇران دۆلىتى قۇرۇش نىشانىغا يېقىنلاپ قالدى. بۇ نىشاننى شۇ ۋاقىتتىكى قازان تاتارلىرىدىن سۇلتان غەلىيېف كۆڭۈل قويۇپ لايىھىلەپ چىققانىدى.

1921 - يىلدىن كېيىن رۇسلار ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇھىم ئورۇنلاردىكى يەرلىك كوممۇنىستلارنى يوقىتىشقا كىرىشتى. بۇ ئىش گەرچە يەرلىك كوممۇنىستلارنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، 1924 - يىلى تۈركىستان يەنىلا ئۆزبېكىستان، تاجىكىستان ۋە تۈركمەنىستان قاتارلىق بىر نەچچە مىللىي جۇمھۇرىيەتكە ئايرىۋېتىلدى. بۇ بىر نەچچە مىللىي جۇمھۇرىيەتنىڭ قۇرۇلۇشى بىرلىككە كەلگەن تۈرك دۆلىتىنى قۇرۇش شېرىن چۈشىنى بۇزۇپ تاشلىدى. 1930 - يىلدىن تارتىپ ئاخىرى چوڭ كۆلەملىك تازىلاش باشلاندى. بۇ قېتىمقى تازىلاش 1938 - يىلغىچە ئۈزلۈكسىز داۋاملاشتى. تازىلاش ھەرىكىتى جەريانىدا يەرلىك زىيالىيلارنىڭ كۆپ قىسمى يوقىتىلدى، بۇ كىشىلەر بولسا 1919 - يىلدىن كېيىن كوممۇنىزم ھاكىمىيىتىگە شىلتىڭ ئېتىپ كەلگەنلەر ئىدى.

ھالبۇكى، مۇستەقىللىق تەرەپدارلىرى بىتچىت قىلىپ تاشلانغان، تۈركىستان خەلقىنىڭ مۇستەقىللىق ئارمانلىرى كۆپۈككە ئايلانغان بولسىمۇ، بۇگۈنكى ئوتتۇرا ئاسىيا يەنىلا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى تۈرك قورغىنى بولۇپ قالدى. چۈنكى، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جۇغراپىيىلىك قۇرۇلما مۇناسىۋىتى تۈپەيلىدىن (چۆللۈكلەر ۋە بوستانلىقلار) رۇسلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇستەملىكىسى يەنىلا ناھايىتى ئاجىز بولدى. ئىستاتىستىكا قىلىنىشىچە، ئۆزبېكىستان ۋە تاجىكىستاندىكى غەيرى مۇسۇلمانلار سانى 1959 - يىلى 15 % تىن تۆۋەن بولغان، تۈركمەنىستاندىكى غەيرى مۇسۇلمانلار بولسا 20 % تىن تۆۋەن بولغان. بىر مەھەل موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ بىر قىسمى

بولغان تۈركىستان كەلگۈسىدە يەنىلا تۈركىي خەلقلەرگە مەنسۇپ بولۇپ قالسا كېرەك.

# چارروسىيىنىڭ ئىستىلاچىلىق ئۇرۇشلىرى ۋە تۈركىستاننى ئىدارە قىلىشى

## (1917 - يىلىغا قەدەر)

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىدىكى (تۈركىستاندىكى) كۆپلىگەن دۆلەتلەر بىرىنىڭ ئارقىسىدىن - بىرى زاۋاللىققا يۈزلەنگەن ۋە پارچىلىنىۋاتقان مەزگىللەردە چارروسىيە دۆلىتى قۇدرەت تاپتى. رۇس ھاكىمىيىتىنىڭ قۇدرەت تېپىشى X Ⅶ ئەسىردىلا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي قىسمىنىڭ تەقدىرىدىن بىشارەت بەرگەنىدى. ئەمما قازان خانلىقى، ئاستراخان خانلىقى، ۋە سىبىر خانلىقى قاتارلىقلارنىڭ قۇربانلىققا ئايلىنىشى ئەڭ دەسلەپكى ئالغا ئىلگىرىلەش دولقۇنىنى قوزغىغاندىن كېيىن، روسىيە يەنە پۈتۈن كۈچىنى باشقا جايلارغا قاراتتى. بۇنىڭ بىلەن رۇسلار ئۆزىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي تەرەپتىكى رايونلىرىدا ئۈستۈنلۈكىنى ساقلاپ قېلىش ئىستراتېگىيىسىنى قوللىنىشقا مەجبۇر بولۇپ قالدى. رۇسلار ئورېنبۇرگ، پېتىر پاۋلوۋسكى، ئومىسكى، سېمپالاتىنىسكى ۋە ئۇست كامېنىنى گورىسكى قاتارلىقلارنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، كاسپىي دېڭىزىدىن ئالتاي تاغلىرىغىچە سوزۇلغان ئۇزۇن قازاق مۇستەملىكە لىنىيىسىنى قۇرۇپ چىقتى ھەمدە شۇ ئارقىلىق قازاقلارنىڭ ۋولگا ۋە سىبىرىيە دالاسىغا پاراكەندىچىلىك سېلىشىدىن ساقلاندى.

ئەمما بۇ خىل مۇداپىئە سىياسىتىدىن رۇسلار زادىلا قانائەت ھاسىل قىلمىدى. گەرچە X Ⅷ ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدىن تارتىپ قازاقلار نامىدا روسىيىگە بېقىنغان بىلەن ئەمەلىيەتتە ھە دېسىلا مۇداپىئە لىنىيىسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئولتۇراق ئاھالىلەرگە ھۇجۇم قىلىپ تۇراتتى. يەنە كېلىپ بۇ ۋاقىتتىكى خىۋا خانلىقى قازاقلارنى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە رىغبەتلەندۈرۈپ، قوزغىلاڭ رەھبەرلىرىگە پاناھلىق بەردى، شۇنداقلا رۇسىيە ئەسىرلىرىنى مۇقىم بازار بىلەن تەمىن ئەتتى. قازاقلار سودا كارۋانلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ تۇرغانلىقتىن رۇسىيە بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى ئارىسىدىكى سودىمۇ ئەسلىدىكى سەۋىيىدە توختاپ قالدى.

X Ⅸ ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرى رۇسلار ئاخىرى تېخىمۇ مۇقىم بولغان چېگرىنى تاپتى. ئورتا يۈز (1822 - يىل) ۋە كىچىك يۈز (1824 - يىل) نى يوقىتىپ، روسىيىنىڭ نازارەتچىلىكىدە سۇلتان ھۆكۈمرانلىقىدىكى تېخىمۇ كىچىك قەبىلىلەرنىڭ بىرلىكىنى ئورناتقاندىن كېيىن، قازاقلارنىڭ مۇستەقىللىقى ئاستا - ئاستا يوقىلىشقا باشلىدى. رۇسلار يايلاقتا بىر قىسىم قاراۋۇلخانىلارنى تەسىس قىلدى: ئورېنبۇرگنىڭ جەنۇبىدا كۆكچىتاۋ ۋە قارقارالىنسكى (1824 - يىل) سېمپالاتىنىسكىنىڭ جەنۇبىدا كۆكپېكتى (1820 - يىل) ۋە بايانئۇر (1826 - يىل) ئالېكساندىر فون ھۇمبولتىنىڭ ئېكسپېدىتسىيىسىدىن كېيىن، سېرگىي ئوبۇل (1831 - يىل) قاراۋۇلخانىسىنى قۇرۇپ چىقتى. مۇراۋيېف ئەلچىلەر ئۆمىكى ۋە رىگلىي ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ ئايرىم - ئايرىم ھالدا خىۋا (1820) ۋە بۇخارا (1820) غا زىيارەتكە بېرىشى ھەمدە پولكوۋنىك بېرگ بىلەن ئېدۋاردىنىڭ يىراققا يۈرۈش قىلىشى (1825 - 1826) بىلەن روسىيىلىكلەر بۇ رايوننىڭ سىرتىدىكى جايلارغا ئائىت قىممەتلىك ئاخباراتلارغا ئىگە بولدى. X Ⅸ ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرى رۇسلار ماڭغىشلاق يېرىم ئارىلىدا يېڭى

ئالېكساندىروۋسكى قورغىنىنى سالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا سودا ئىشلىرىنى قوغداش ھەققىدىكى كۇنسېرى ئۆلغىيىۋاتقان تەلەپلەر ۋە ئەنگلىيىنىڭ ئافغانىستاندىكى تەسىرىگە قارشى تۇرۇش ئېھتىياجى قاتارلىق سەۋەبلەر ئارقىسىدا گېنېرال پېرووۋسكى قوماندانلىقىدىكى خىۋاغا قارىتىلغان تېخىمۇ چوڭ كۆلەملىك ھەربىي يۈرۈش كېلىپ چىقتى. بۇ قېتىمقى قىشلىق ھەربىي يۈرۈش 1839 - يىلى باشلاندى ۋە مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنىڭ ئۆلۈشى، ھەربىي يۈرۈشكە كېرەكلىك قاتناش قوراللىرىنىڭ پۈتۈنلەي دېگۈدەك زىيانغا ئۇچرىشى بىلەن ئاخىرلاشتى. پېرووۋسكىنىڭ مەغلۇبىيىتى رۇسلارنىڭ يايلاقتا تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرىپ بازا قۇرۇش زۆرۈرلۈكىنى كۆرسەتتى. XIX ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرى روسىيە ئورېنبۇرگنىڭ جەنۇبىدا تورغاي ۋە يېرگىز ( 1845 - يىلى)، ئاتباسار ۋە ئۇلۇتاۋسكى ( 1846 - يىلى) قاتارلىق كىچىكرەك بىر نەچچە قورغاننى قۇرۇپ چىقتى. سىر دەرياسىنىڭ ئاغزىغا سېلىنغان رەئىم قورغىنى(1847 - يىلى) رۇسلارنىڭ بۇ رايوندىكى غەرىزىنى ئاشكارە ئىپادە قىلدى. شەرقتە ئالاتاۋ باغرىدىكى قوپال قورغىنىنىڭ قۇرۇلۇشى ( 1847 - يىلى) بىلەن رۇسلار ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى جايلارغا ئىگە بولۇپ قالدى.

رۇسلار شۇنىڭ بىلەن قوقان خانلىقىغا تەۋە دېيىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ھېچقانداق مۇداپىئە ئەسلىھەلىرى بولمىغان يەرلەرنى ئىگىلەشكە كىرىشتى. 1853 - يىلى گېنېرال پېرووۋسكى روسىيە قوشۇنىنى باشلاپ ئارالىسكىدىن ئارقىغا يېنىپ سىر دەرياسى بويىغا كەلدى ۋە بىر قورغان سالدۇردى (كازالىنسكى)، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ قوقان خانلىقىنىڭ ئاق مەسچىت قورغانى (ئۇنىڭغا پېرووۋسكى قورغىنى دەپ نام قويۇلدى ) نى ھۇجۇم بىلەن ئالدى. شۇنداق قىلىپ پېرووۋسكى ئىلگىرىكى نومۇسىنى پاك - پاكىز يۇدى. شەرقتە روسىيە قوشۇنى ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىسمىنى ئىگىلەپ ھازىر ئالمائاتا دەپ ئاتىلىۋاتقان ۋېرنى شەھىرىنى سالدى (1845 - يىل).

روسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ پىلانى جەنۇبتىكى كېڭەيمىچىلىك قىلىشتىن كەلگەن ئىككى رايوننى تۇتاشتۇرۇش ئىدى. بىراق قىرىم ئۇرۇشى (1854 - 1856) تۇپەيلىدىن بۇ پىلان بەكلا سوزۇلۇپ كەتتى، ئارقىدىنلا ئىشغال قىلىنغان رايونلارنى مۇستەھكەملەش دەۋرى باشلاندى. قازاق يايلىقىنىڭ غەربىدە 1859 - يىلى ئورېنبۇرگنى پايتەخت قىلغان ئورېنبۇرگ قىرغىز ئوبلاستى تەسىس قىلىندى. يايلاقنىڭ شەرقى بولسا ئومىسكىنى پايتەخت قىلغان سىبىرىيە قىرغىز ئوبلاستى بولۇپ تەشكىللەندى. سېمىپالاتىنىسكى ئوبلاستى 1854 - يىلى قۇرۇلدى ۋە سېمىپالاتىنىسكىنى پايتەخت قىلدى.

ئامېرىكىدىكى جەنۇب - شىمال ئۇرۇشى مەزگىلىدە (1861 - 1865) پاختا بىلەن تەمىنلەش جىددىيلىشىپ كەتتى. پاختا بىلەن تەمىنلەشنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن رۇسلار ئەسلىدىكى ھەربىي ھەرىكىتىنى قايتا باشلىدى. پولكوۋنىك چېرنىيايېف باشچىلىقىدىكى 2600 كىشىدىن تەشكىللەنگەن بىر تارماق قوشۇن ۋېرنىدىن يولغا چىقتى، پولكوۋنىك ۋېرۋكىن قوماندانلىقىدىكى 1600 كىشىلىك قوشۇن پېرووۋسكىدىن ئاتلاندى. 6 - ئاينىڭ 4 - كۈنى چېرنىيايېف قوشۇنى ئەۋلىيا ئاتا (ھازىرقى جامبۇل) غا شىددەتلىك ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، ئۈچ ئادەم يارىلىنىشتەك ئاز بەدەل بىلەنلا شەھەرنى ئىگىلىدى. قوراللىرى بەكلا ئاددىي، قوماندانلىقى ۋە ئىنتىزامىنىڭ زادىلا تايىنى يوق 1500 كىشىلىك يەرلىك قوشۇندىن 307 ئادەم ئۆلدى، 390 ئادەم يارىلاندى. ۋېرۋكىنمۇ شۇنداق ئاز بەدەل بىلەنلا تۈركىستاندىكى يەسسى شەھىرىنى ئىگىلىدى. ئاندىن ئىككى قوشۇن قوشۇلۇپ چېرنىيايېفنىڭ قوماندانلىقىدا بولدى. تۆت كۈنلۈك قورشاۋ ئۇرۇشىدىن كېيىن چىمكەنت قورغىنىمۇ 9 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئىشغال قىلىندى. بۇ يەردىكى يەرلىك قوشۇن 10 مىڭ كىشى بولسىمۇ، كۆپىنچىسى جەڭ باشلىنا - باشلانمايلا قېيرۇقنى خادا قىلىشتى، روسىيە قوشۇنىدىن پەقەت ئىككى ئادەم ئۆلدى. مۇشۇ قېتىمقى ھەربىي ھەرىكەت ئارقىلىق رۇسلار پۈتۈن چۇ ۋادىسىنى ئىگىلىدى ھەمدە ئۇزۇنغا سوزۇلغان قورغان لىنىيىسى ئارقىلىق قازاق يايلىقىنى قامالغا ئالدى.

بۇ قېتىمقى ھەربىي ھەرىكەت توغرىسىدىكى

خەۋەر ياۋروپادىكى كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ پايتەختلىرىدە، بولۇپمۇ بۈيۈك بىرىتانىيىدە كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى. چۈنكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھىندىستاندىكى تەسىر دائىرىسىدىن ئەندىشە قىلىپ قالغانىدى. 1864 - يىل 11 - ئاينىڭ 24 - كۈنى روسىيە دىپلوماتىيە ۋەزىرى گېرتسوگ گورچاكوف ھەرقايسى كۈچلۈك دۆلەتلەرگە يالغان - ياۋىداق گەپلەر بىلەن تولغان مەكتۇپنى يوللاپ، ئۇلارنىڭ بۇ خىل ئەندىشىلىرىنى يېنىكلەتتى. گورچاكوف روسىيە رەھبەرلىرىنىڭ مەقسىتى ناھايىتى ئاددىي ئىكەنلىكىنى، ئۇلار بىر ئۇنۇملۇك چېگرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلماقچى، يەنى روسىيە قوشۇنلىرىنىڭ چېگرا بۇلاڭ - تالاڭلىرىغا قارشى كۈرەشلىرىدە قوغداش رولىنى ئوينىيالىغۇدەك بىر لىنىيىنى قوغدىماقچى ئىكەنلىكىنى، روسىيە ئىمپېرىيىسى ئولتۇراق ئاھالىلەر دۆلىتىنىڭ چېگرىسىغا يەتكەن ھامان توختايدىغانلىقىنى، بۇ جايدا توختىغاندىن كېيىن بىر قورغان لىنىيىسى قۇرۇپ ئۆز چېگرىسىنى قوغدىماقچى ئىكەنلىكىنى، شۇ ئارقىلىق بۇلاڭ - تالاڭغا ئادەتلىنىپ كەتكەن كۆچمەن خەلقلەرگە سودا - سېتىقنىڭ بۇلاڭ - تالاڭدىن ياخشى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ھەمدە ئۇلارغا «غەرب مەدەنىيىتى» ئىلتىپات قىلىش نىيىتىدە ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى.

1865 - يىلى رۇسلار يېڭىدىن قولغا كەلتۈرگەن بۇ رايوننى تۈركىستان ۋىلايىتى قىلىپ قۇرۇپ چىقتى. تۈركىستان ۋىلايىتىنى گېنېرال گوبىرناتور باشقۇرىدىغان بولۇپ، گوبىرناتور قوشۇمچە ھەربىي ئىشلار، مەمۇرىي ئىشلارنى بېجىرىشنى ئۈستىگە ئالاتتى ۋە ئورېنبۇرگ گوبىرناتورى ئالدىدا جاۋابكار بولاتتى. چېرنيايېف تۈركىستاننىڭ گېنېرال گوبىرناتورى بولۇپ تەيىنلەندى. روسىيە ھۆكۈمىتى چېرنيايېفقا ئەمدى ئالغا ئىلگىرىلىمەسلىك ھەققىدە بۇيرۇق قىلغان بولسىمۇ، ئۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ تاشكەنت ۋە قوقانغا ھۇجۇم قىلدى. 1865 - يىلى 4 - ئايدا چېرنيايېف چىرچىق دەرياسى بويىدىكى نىيازبېگ قورغىنىنى ئىگىلىدى. چىرچىق دەرياسى تاشكەنت رايونىنىڭ سۇغىرىش ئىشلىرىدىكى ئاساسلىق مەنبە ئىدى. ئىككى - ئۈچ كۈندىن كېيىن، چېرنيايېف ناھايىتى ئاز زىيان بىلەنلا تاشكەنتنى ئىشغال قىلدى.

ئەنگلىيىنى خاتىرجەم قىلىپ قويۇش ئۈچۈن، روسىيە ھۆكۈمىتى چېرنيايېفنى چاقىرتىپ كەتتى، ئەمما ئۇنىڭغا يۈكسەك شان - شەرەپ ئىنئام قىلدى. چېرنيايېفتىن كېيىن ۋەزىپە ئۆتىگەن گېنېرال رومانوۋسكى چېرنيايېفنىڭ پىلانىنى داۋاملىق ئىجرا قىلدى. ئىككىنچى يىلى ئەتىيازدا رومانوۋسكى 3600 كىشىلىك بىر تارماق قوشۇننى باشلاپ بۇخارا تەۋەسىگە بېسىپ كىردى. سەمەرقەنتكە بارىدىغان يول تۆپىسىدىكى ئورجار دېگەن جايدا بۇخارالىقلار ۋە قازاقلارنىڭ 40 مىڭ كىشىلىك قوشۇنىنى مۇستەھكەم ئىستىھكامىنىڭ ئۆزىدىلا بىت - چىت قىلىپ تاشلىدى. ئارقىدىن رومانوۋسكى سىر دەرياسى بويىغا قايتىپ قوقان تەۋەلىكىگە كىردى ۋە بۇخارا بىلەن قوقان ئارىلىقىغا بىر شىنا قاقماقچى بولدى. ئۇ ھېچقانداق قارشىلىقسىزلا قوقاندىكى ناۋ قورغىنىنى ئىگىلىدى. 5 - ئاينىڭ 24 - كۈنى زەمبىرەك ئارقىلىق خوجەندنى ئىشغال قىلدى. رۇسلاردىن ئاران بەش ئادەم ئۆلدى. شەھەرنى مۇداپىئە قىلغانلاردىن بولسا 2500 ئادەم چىقىم بولدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا قوقان خانى خۇدايارخان روسىيىگە باش ئەگدى. خۇدايارخان ئۆزىنىڭ روسىيىگە بېقىندى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ، رۇسلارنىڭ ئىستىلاسىغا قوشۇلدى، روسىيە سودىسىنىڭ قوقان چېگرىسىدىن ئۆتۈشىگە رازىلىق بىلدۈردى ھەمدە روسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ قوقانغا ھۇجۇم قىلىشتا سەرپ قىلغان چىقىمىنى تۆلەش ئۈچۈن روسىيىگە تۆلەم بېرىدىغان بولدى.

بەزى ئەھۋاللار بۇخارا ئەمىرلىرىنىڭمۇ سۇلھى قىلىشقا مايىللىقىنى كۆرسەتسىمۇ، ئەمما روسىيە ھۆكۈمىتى ئالىقاچان ئۆزلىرىنى مۇشۇنداق ئورۇندا تۇتۇپ تۇرغاندا، كېيىنكى ھەرىكەتلىرىنىڭ باشقىلاردا گۇمان تۇغدۇرمايدىغانلىقىنى قارار قىلىپ بولغانىدى. ھازىر چارروسىيە دائىرىلىرىنىڭ نەزەرىدە چېگرا دەپ قارىلىۋاتقان جاي سىر دەرياسى ئەمەس، بەلكى ئامۇ دەرياسى ئىدى. 1866 - يىلى 8 - ئايدا ئورېنبۇرگ گېنېرال گوبېرناتورى كىرزانوۋسكى قوماندانلىقىدىكى قوشۇن يېڭى بىر ئۇرۇش

قوزغىماقچى بولدى. ئۇ باشلىغان قوشۇن ئاۋال تىغ ئۇچىنى ئۆرە تۆپىگە قاراتتى ھەمدە 10 - ئاينىڭ 2- كۈنى بۇ قورغاننى ئىشغال قىلدى. رۇسلاردىن 17 ئادەم ئۆلدى، يەرلىك قوشۇندىن ئاز دېگەندىمۇ 2000 ئادەم ئۆلدى. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن كىرزانوۋسكى جىززاقنى ئىشغال قىلدى (10 - ئاينىڭ 8 - كۈنى) ، بۇ جەڭدە رۇسلاردىن ئالتە كىشى ئۆلدى، يەرلىك قوشۇندىكىلەردىن بولسا 6000 كىشى ئۆلدى.

1867 - يىلى 7 - ئاينىڭ 11 - كۈندىكى ئىمپېراتور پەرمانىغا بىنائەن، تۈركىستان گوبىرناتورلۇقى قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى. تۈركىستان گوبىرناتورلۇقى تاشكەنتنى مەركەز قىلغان بولۇپ، روسىيىنىڭ 1847 - يىلدىن تارتىپ تۈركىستان رايونىدا قولغا كەلتۈرگەن بارلىق زېمىنلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئۇلار بۇ راريوننى سىر دەريا ئوبلاستى ۋە يەتتىسۇ ئوبلاستى قىلىپ ئايرىدى. ئىلگىرى روسىيە ئىشغال قىلىۋالغان پولشا زېمىنىدا يەنى روسىيىنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدە گوبېرناتور بولغان گېنېرال فون كائۇفمان تۈركىستان گوبىرناتورى بولۇپ تەيىنلەندى. كائۇفمانغا ناھايىتى كەڭ ھوقۇق جۈملىدىن ھەربىي ۋە دىپلوماتىك ھوقۇق بېرىلدى. 1867 - يىلى 11- ئاينىڭ باشلىرىدا كائۇفمان تاشكەنتكە كېلىپ، مۇرەككەپ خىزمەتكە تۇتۇندى. كائۇفماننىڭ تۈركىستاندا يۈرگۈزگەن تەشكىلىي ئۆلگىسى يېرىم ئەسىرگىچە داۋاملاشتۇرۇلدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان «كونا تۈركىستانلىقلار» كائۇفمان ۋەزىپە ئۆتىگەن 13 يىلنى بەكلا كۆپتۈرۈپ «ئالتۇن دەۋر» دېيىشۋاتىدۇ، ھەتتا ئەنگلىيىنىڭ تاجاۋۇزچى تۆرىلىرىمۇ ئۇنى ئىچ - ئىچىدىن «بەك ئۇلۇغ دېيىشكە بولمىسىمۇ، لېكىن شۈبھىسىزكى، ئۇنى يەنىلا ئۇلۇغ شەخس دېيىشكە بولىدۇ» دەپ تەرىپلىگەنىدى.

كائۇفماننىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى تۈركىستان ياۋروپا روسىيىسىنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇش شەكلىدە تەشكىللەنگەنىدى. ئەڭ ئالىي ۋەزىپىدىكى ھوقۇقدارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، تۈركىستان رايونى ئاساسەن دېگۈدەك قەلەمدار ۋە ئەلەمدارلار تەرىپىدىن ئىدارە قىلىندى. بىر قېتىملىق نوپۇس

تەكشۈرۈشتىن كېيىن ئىككى ئوبلاست يەنە ناھىيە، يېزا بولۇپ بۆلۈندى، يېزىنىڭ ئاستىدا ئاۋۇل ياكى قىشلاق تەسىس قىلىندى. ھەر بىر قىشلاق ۋە ئاۋۇل ئاقساقالنى ھەمدە بىر سايلام گۇرۇپپىسىنى سايلاپ چىقاتتى. ئاندىن سايلام گۇرۇپپىسىنىڭ ياردىمىدە يېزىنىڭ باشلىقى سايلىناتتى. يېزا باشلىقلىرى روسىيە ھاكىمىغا جاۋابكار بولاتتى. ئەدلىيە جەھەتتە ئادەت ۋە شەرىئەت ساقلاپ قېلىندى. پەقەت رۇسلارغا چېتىشلىق دېلولار ۋە بىر قەدەر ئېغىر دېلولار يۈز بەرگەندىلا، ئاندىن رۇسلارنىڭ سوتىدا بىر تەرەپ قىلىناتتى. تەن جازاسى بىكار قىلىنغاندىن باشقا، رۇسلارنىڭ ئەڭ چوڭ ئىسلاھاتى ئەسلىدىكى خان تەرىپىدىن تەيىنلىنىدىغان قازىلارنى سايلام ئارقىلىق بېكىتىش بولدى. يەرلىكنىڭ باج تۈزۈملىرىنىمۇ ئۆزگەرتىپ رۇسلارنىڭ ئادىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇردى. رۇسلار يەنە ناھايىتى چەكلىك بولغان يەر ئىسلاھاتىنى يۈرگۈزدى. ئىسلاھاتنىڭ نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن رۇسلار تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ۋەخپە تۈزۈمى ۋە مىراپلىق تۈزۈملىرىنى مۇھاكىمىگە قويدى. ئەمما بۇ جەھەتتە ئىسلاھاتنىڭ مەقسىتى زادىلا ئىشقا ئاشمىدى.

كائۇفمان غەرەزلىك ھالدا يەرلىك ئۆرپ - ئادەتلەرنى ئۆزگەرتمىدى. گەرچە بۇ جايدىكى ئاياللارنىڭ تۆۋەن ئىجتىمائىي ئورنى ۋە مۇسۇلمانچە تۇرمۇش شەكلىنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرىدىن ئىچى پۇشسىمۇ، يەنىلا پاك سىياسەت يۈرگۈزۈشكە رازى بولىدىكى، بۇ نەرسىلەرگە چېقىلىپ قويۇپ يەرلىك كىشىلەرنىڭ غەزىپىنى قوزغاپ قويۇشنى خالىمىدى. ئەلۋەتتە بۇ پەقەتلا بىر تۈرلۈك ۋاقىتىنچە قوللىنىلىدىغان تەدبىر ئىدى. بۇ ھەرگىزمۇ بۇ مەسىلىلەرنى بىر ياققا قايرىپ قويغانلىق ئەمەس ئىدى. بۇنداق قىلىشنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى شۇ ئىدىكى، ياخشى ئۈلگىلەرنىڭ تەسىرى ئارقىلىق بولىدىغان ئاستا خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش قاتتىق قول سىياسەتتىن كۆپ ياخشى ئىدى. بۇ نىشانغا يېتىش ئۈچۈن كائۇفمان ئۇفادىكى ئىسلام ئاپپاراتلىرىنىڭ ئۆز تەسىرىنى كېڭەيتىپ تۈركىستان ئىسلام ئاپپاراتلىرىنى كونترول قىلىشقا ئۇرۇنۇشتەك تىرىشچانلىقىغا قارشى تۇردى. مۇسۇلمانلارنىڭ

قارشىلىقىنى قوزغاپ قويۇشتىن ئەنسىرىگەن كائۇفمان ھەتتا روسىيە پراۋىسلاۋىيە دىنىي جەمئىيىتىنىڭ تۈركىستان رايونىغا مىسسيونېر ئەۋەتىشىنى چەكلىدى. تاشكەنتتە بىرەر پراۋىسلاۋىيە رايونى قۇرۇشقىمۇ قارشى تۇردى.

1868 - يىلى ئەتىيازدا كائۇفمان بۇخارا ئەمىرىنىڭ روشەن دۈشمەنلىك پوزىتسىيىسىدە بولۇۋاتقانلىقىنى ۋە سەمەرقەنتتە قوشۇن توپلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، قوشۇن تارتىپ بۇخارا تەۋەلىكىگە بېسىپ كىردى. 5 - ئاينىڭ 2 - كۈنى سەمەرقەنتنى ھۇجۇم بىلەن ئالدى، ئارقىدىنلا ئۇرغۇت ۋە كاتتا قورغان شەھەرلىرىنى ئىشغال قىلدى. بىر ئايدىن كېيىن كائۇفماننىڭ قوشۇنى كاتتا قورغىنىنىڭ يېنىدىكى زېرا بۇلاقتا بۇخارانىڭ ئاساسىي قوشۇنى بىلەن تۇتۇشتى. بۇخارالىقلار قوشۇنىدا 6000 دىن ئارتۇق پىيادە لەشكەر، 15 مىڭ ئاتلىق نەۋكەر، 14 دانە يەڭگىل زەمبىرەك بولسىمۇ، يەر شەكلى ئۆزلىرىگە شۇنچە پايدىلىق بولغان ئەھۋالدا ئېغىر چىقىمغا ئۇچراپ تىرە - پىرەن بولۇپ كەتتى. بۇ ئۇرۇش بۇخارا ئەمىرىنى رۇسىيىگە ئەل بولۇشقا مەجبۇر قىلدى. 1868 - يىلى 6 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىكى شەرتنامىدە بۇخارانىڭ - سەمەرقەنت، كاتتا قورغان، خۇجەند، ئۆرەتۆپە ۋە جىززاقنى ئۆتۈنۈپ بېرىدىغانلىقى بەلگىلەندى. بۇخارا 500 مىڭ رۇبلى تۆلەم تۆلەشكە رازى بولدى. قوقانغا ئوخشاشلا بۇخارادىمۇ روسىيە پۇقرالىرى ئەركىن كېلىپ - كېتىپ تۇرالايدىغان ۋە بۇخارا چېگرىسىدىكى رايونلار ئارا سودىدىن ناھايىتى ئاز مىقداردا تاموژنا بېجى ئېلىنىدىغان بولدى. كېسىپ بېرىلگەن رايون زەرەفشان رايونى (كېيىن سەمەرقەنت ئوبلاستى بولۇپ قۇرۇلدى) سۈپىتىدە تۈركىستان گوبېرناتورىنىڭ باشقۇرۇشىغا قوشۇۋېتىلدى. بۇخارا ئەمىرى ئۆزىنىڭ تەختتىن چېكىنىشىگە ئىجازەت بېرىشىنى سورىغاندا، كائۇفمان بۇخارادا روسىيىنىڭ خوجايىنلىقىنى ئېتىراپ قىلغان بىر ھۆكۈمراننىڭ مەۋجۇت بولۇشىنىڭ ئۆزىگە پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، ئەمىرنىڭ بۇخارا ھۆكۈمرانى ئىكەنلىكىدەك ئورنىنى مۇستەھكەملەپ قويدى، ھەتتا ئەمىرگە ياردەملىشىپ ئەمىرگە قارشى كۆتۈرۈلگەن قوزغىلاڭلارنى باستۇرۇشۇپ بەردى.

ئارقىدىنلا رۇسلار ئىلى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى چىڭ سۇلالىسى زېمىنىنى قولغا كىرگۈزۈۋالدى. 1862 - يىلى جۇڭغارىيىدە پارتلىغان قوزغىلاڭ ئىلى ۋادىسىغىچە يېيىلدى. 1864 - يىلى ئىلىدىكى يەرلىك تۇڭگانلار ۋە تارانچىلار بىرلىشىپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلدى. غۇلجىدىكى روسىيە كونسۇلخانىسى ۋە چۆچەكتىكى روسىيە زاۋۇدى پاچاقلاپ تاشلاندى، سودىمۇ توختىدى، قاچقۇنلار چېگرىغا قېچىپ بېرىپ يەتتىسۇ رايونىغا كىرىپ كەلدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، 1853 - يىلى ئاق مەسچىت قورغىنىنى قوغداپ پېروۋىسكىغا قارشىلىق كۆرسەتكەن ياقۇپبەگ قەشقەردە بىر مەيدان مالىمانچىلىق پەيدا قىلدى. ئۇ جۇڭگولۇقلارنى ھەيدەپ چىقىرىپ، ئۆز ئالدىغا خانلىق قۇردى. بۇ يېڭى قۇرۇلغان يەرلىك ھاكىمىيەت ئوتتۇرا ئاسىيا كۆچلەر سىلىشتۇرمىسىدىكى تەڭپۇڭلۇق ۋەزىيىتىنىڭ بۇزۇپ تاشلىنىدىغانلىقىدىن بىشارەت بەردى. ياقۇپبەگنىڭ ئەنگلىيە بىلەن دوستانە مۇناسىۋەتتە بولۇشى روسىيىنى قاتتىق ساراسىمىگە سېلىپ قويدى. ناۋادا ياقۇپبەگ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى جۇڭغارىيىگىچە كېڭەيتسە، جۇڭغارىيىنىڭ يەتتىسۇ بىلەن تۇتىشىپ كېتىش خەۋپى تۇغۇلاتتى. بۇ بولسا ئەنگلىيە تەسىرىنىڭ كېڭىيىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىراتتى. ئەنگلىيە تەسىرىنىڭ كېڭىيىشى بولسا روسىيىنىڭ ئورنىغا نىسبەتەن يان تەرەپتىن قورشاۋ ھالىتىنى شەكىللەندۈرۈش، ھەتتا ئەڭ ئاخىرىدا ياۋروپا روسىيىسى بىلەن سىبىرىيىنىڭ مۇناسىۋىتىگە خەۋپ تۇغدۇرۇشى مۇمكىن ئىدى. كائۇفمان بۇ خىل ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى چەكلەش، ئۇزاققا سوزۇلغان مالىمانچىلىقنى ئاخىرلاشتۇرۇش ئۈچۈن 1871 - يىلى 6 - ئايدا روسىيە قوشۇنىغا ئىلى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى رايونلارنى ئىگىلەش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى. ئىلى ئۆلكىسى (چىڭ سۇلالىسى بۇ رايوننى مۇشۇنداق ئاتايتتى) ياكى غۇلجا رايونى (رۇسلار شۇنداق ئاتايتتى) نى ئىشغال قىلىش ھەرىكىتىنى رۇسلار پۈتۈنلەي خەلقئارا جامائەتچىلىك

كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ۋاقىتلىق ۋەزىيەتنى بىر تەرەپ قىلغان يوسۇندا پۈتتۈردى. ئۇلار چىڭ سۇلالىسى قەشقەرىيەدىكى مالىمانچىلىقلار ۋە جۇڭغارىيەنىڭ باشقا رايونلىرىنى يېڭىۋاشتىن كونترول قىلىشقا قادىر بولالىسىلا، ئۆزلىرى ئىشغال قىلىۋالغان جايدىن چېكىنىپ چىقىدىغانلىقى توغرىسىدا چىڭ سۇلالىسىغا ۋەدە بەردى. رۇسلار ئېھتىمال جۇڭگولۇقلار بۇنداق قىلالمايدۇ، دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك. ئەمما 1877 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا ياقۇپبەگ مەغلۇب بولدى. ياقۇپبەگ خانلىقى بىت ـ چىت قىلىنىپ، چىڭ سۇلالىسى قەشقەرىيىگە بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋالدى. بىر نەچچە ئايلىق دىپلوماتىك سۆھبەتلەردىن كېيىن رۇسلار تۆلەمگە ئېرىشىپ، ئىلى ئۆلكىسىنىڭ بىر قىسمىنى كېسىپ بەردى. 1883 ـ يىلغا كەلگەندە ئۇلار ئاخىرى ئىلى رايونىغا بولغان كونتروللۇق ھوقۇقىدىن ۋاز كەچتى. سانكىت پېتىربورگتىكى ئەنگلىيە باش ئەلچىسىنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، «جۇڭگولۇقلار روسىيىنى ئەزەلدىن قىلىپ باقمىغان ئىشنى قىلىشقا مەجبۇر قىلىپ، رۇسلاردىن يۇتۇپ بولغان زېمىننى قۇستۇرۇۋالدى».

ئەمما مۇشۇ ئارىلىقتا رۇسلار دىققەت نەزەرىنى ئېخىمۇ چوڭ نىشانغا قاراتتى. بۇ نىشاننىڭ بىرىنچىسى خىۋا خانلىقى ئىدى. X VII ئەسىردىكى ئۇرال كازاكلىرىنىڭ ئۈچ قېتىملىق يىراقتا يۈرۈش ھەرىكىتى، 1717 ـ يىلى گېرتسوگ بېگوۋىچ چېركاسكى باشچىلىقىدىكى قوشۇننىڭ ھەرىكىتى ۋە گېنېرال پېروۋىسكىينىڭ 1839 ـ يىلدىكى ھەربىي ھەرىكىتىنىڭ ھەممىسىلا خىۋا خانلىقىدەك مۇشۇ كونا رەقىپنىڭ ئەجەللىك زەربىسىگە ئۇچرىغانىدى. 1837ـ يىلى كائۇفمان ھەربىي ھەرىكەت قوللىنىش ئارقىلىق خىۋا مەسىلىسىنى مەڭگۈلۈككە ھەل قىلىش لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، بۇ لايىھە ناھايىتى تېزلا تەستىقلاندى. رۇسلار ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىگە پەقەت ئاز ـ تولا جازالاش خاراكتېرلىك تەدبىر قوللىنىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بەردى.

قوشۇننىڭ سانى ۋە تېخنىكىلىق قوراللىنىش ئەھۋالى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، خىۋا تەرەپتە غەلىبە قىلىشتىن زەررىچە ئۈمىد يوق ئىدى. ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردىكىگە ئوخشاشلا، خىۋانىڭ ئەڭ چوڭ كىرزىسى ئۆزىنىڭ ئەپلىك جۇغراپىيىلىك ۋەزىيىتى ئىدى. ھەربىي يۈرۈشنىڭ غەلىبە قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش، شۇنداقلا ئوفىتسېرلارنىڭ ئېخىمۇ زور شەرەپ قۇچۇشى ئۈچۈن، رۇسلار بىر نەچچە يۆنىلىش بويىچە ئىلگىرىلەش پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى. ئاساسىي تارماق قوشۇنلاردىن بىرى تاشكەنتتىن، يەنە بىرى ئورېنبۇرگدىن، يەنە بىرى كراسنوۋودىسكى شەھىرىدىن، ئاخىرقىسى ماڭغىشلاق يېرىم ئارىلىدىكى ئالىكساندروۋسكى قورغىنىدىن يولغا چىقتى. پۈتكۈل قوشۇندا 13 مىڭ ئەسكەر ۋە 62 زەمبىرەك بار ئىدى. كائۇفمان باش قوماندانلىققا تەيىنلىنىپ، تاشكەنتتىن يولغا چىققان قوشۇن بىلەن بىللە ئاتلاندى. خۇددى كېيىن ئىسپاتلانغاندەك، بۇ يۈرۈشكە ئەسلىدە كىچىك بىر تارماق قوشۇن بولسىلا كۇپايە قىلاتتى. قوشۇندىكىلەر بەكلا چارچاپ كەتكەن بولغاچقا، تاشكەنت قوشۇنى ئامۇ دەرياسى ۋادىسىغا يېتىپ كېلىشتىن ئىلگىرى (5 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى) چۆلدىكى بالايى ـ ئاپەتتىن ئاران قۇتۇلدى. ئەمما كراسنوۋودىسكىدىن يولغا چىققان قوشۇن تومۇز ئىسسىق ۋە سۇسىزلىقنىڭ دەردىدە كەلگەن جايىغا قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. بۇ قوشۇندىن 60 ئادەم پىژغىرىم ئىسسىقتا ئۆلدى. زەمبىرەك قاتارلىق ئېغىر قوراللارمۇ تاشلىۋېتىلدى. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئورېنبۇرگ ۋە ماڭغىشلاقتىن يولغا چىققان ئىككى تارماق قوشۇن نىشانغا ناھايىتى ئوڭۇشلۇق يېتىپ باردى. ئۇلارنىڭ توپ ئوقلىرى قارشى تەرەپنى ناھايىتى تېزلا ۋەسۋەسىگە سېلىپ قويدى. كائۇفمان بىللە ماڭغان تارماق قوشۇن يېتىپ كەلگەندە (5 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى) بۇ ئىككى تارماق قوشۇن ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە تەييارلىنىپ بولغانىدى. ئۇلار ئازغىنە بەدەل بىلەنلا خىۋانى ئىشغال قىلدى. خىۋا خانى قورققىنىدىن بەدەر تىكىۋەتتى. ئەمما، كائۇفمان ئۇنى ناھايىتى تېزلا تاپتۇرۇپ كېلىپ، رۇسلارنىڭ يېتەكچىلىكى ئاستىدا خىۋاغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا قويدى. خىۋا ئاھالىسىمۇ ئالاھىدە ئېتىبارغا ئېلىندى. روسىيە قوشۇنى قاتتىق ئىنتىزام ساقلىدى. كائۇفماننىڭ بۇيرۇقى بىلەن

www.uyghurkitap.com

خىۋا خانى ئۆز تەۋەلىكىدە قۇللۇق تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرغانلىقىنى جاكارلىدى. 8 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئىمزالانغان بىر قېتىملىق شەرتنامىگە ئاساسەن، خىۋا تەرەپ ئامۇ دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقىدىكى جايلارنى كېسىپ بېرىش، تۆلەم بېرىش، چەتئەللەر بىلەن ئۆز ئالدىغا دىپلوماتىك ئالاقىدە بولۇشنى توختىتىش، روسىيىلىكلەرگە ئولتۇراقلىشىش هوقۇقى ۋە باجسىز سودا قىلىش ئىمتىيازى بېرىش قاتارلىق شەرتلەرنى قوبۇل قىلدى. ئەنگلىيە هۆكۈمىتى دەرهاللا بۇنىڭغا ئېتىراز بىلدۈردى، ئەمما روسىيە ئافغانىستاننىڭ ئەنگلىيىنىڭ هامىيلىقىدىكى دۆلەت ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغاندىن كېيىنلا، ئىنگلىزلار رۇسلارنىڭ ئىشغالىيىتىنى ئېتىراپ قىلدى.

شۇنداق قىلىپ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۈچ ئاساسلىق دۆلەت روسىيىنىڭ بېقىندىسى بولۇپ قالدى، بۇلاردىن قوقاندا روسىيىنىڭ هۆكۈمرانلىقى ئانچە مۇستەهكەم ئەمەس ئىدى. قوقان هۆكۈمرانى خۇدايارخاننىڭ زالىملىقى، ئالۋان - ياساقنى هەددىدىن زىيادە ئاشۇرۇۋەتكەنلىكى ۋە رۇسلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى رۇسىيىنى ئەنسىزلىككە سېلىپ قويدى. 1875 - يىلى 7 - ئايدا خۇدايارخانغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى. خۇدايارخان ئىلاجسىز روسىيە ئارمىيىسىنىڭ قولتۇقىغا كىرىۋېلىپ پاناهلىق تىلىدى. قوزغىلاڭچىلار خۇدايارخاننىڭ ئوغلى نەسىردىننى يېڭى خانلىققا سايلىدى. 8 - ئايغا كەلگەندە قوزغىلاڭ روسىيە ئىشغالىيىتىدىكى قوقان تەۋەلىكىگە يامىرىدى. غازات شۇئارىنى توۋلىغان قوزغىلاڭچىلار خوجەندكە كىرىپ، بۇ جايدىكى روسىيە قورغىنىنى قورشىۋالدى. كائۇفمان تېزدىن خوجەندكە ياردەمگە كەلدى، ئارقىدىنلا ئۇ قوقان تەۋەسىگە بېسىپ كىردى. 8 - ئاينىڭ 22 - كۈنى كائۇفمان 30 مىڭدىن 50 مىڭغىچە ئادەمدىن تەشكىللەنگەن قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئاساسىي قوشۇنىغا هۇجۇم قوزغاپ مەخرەم قورغىنىنى ئىگىلىدى هەمدە بۇ قوزغىلاڭچىلارنى تارمار قىلدى. يەرلىكلەر قورغاندا 90 نەچچە جەسەتنى قالدۇرۇپ قېچىپ كەتتى. سكوبېلېف باشچىلىقىدىكى كازاك قوشۇنى سىر دەرياسىنى بويلاپ بۇ قاچقۇنلارنى نەچچە كىلومېتىرىيەرگىچە قوغلاپ باردى ۋە مىڭدىن كۆپ ئادەمنى قىرىۋەتتى. رۇسلاردىن پەقەت ئالتە ئادەم ئۆلدى. كېيىنچە كائۇفمان قوقان ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلارنى ناهايىتى ئوڭايلا قايتىدىن ئىگىلىدى. 9 - ئاينىڭ 23 - كۈنى كائۇفمان مەرغىلاندا نەسىردىن خان بىلەن سۈلهى شەرتنامىسى ئىمزالىدى. نەسىردىن روسىيىگە ئۈچ مىليون رۇبلى تۆلەم بېرىش، قوقاننىڭ سىر دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقىدىكى پۈتۈن زېمىنىنى كېسىپ بېرىش، دىپلوماتىك ئالاقە ئىشلىرىنى توختىتىش، گوبېرناتورنىڭ ئىجازىتىسىز هەربىي هەرىكەت قوللانماسلىق قاتارلىق شەرتلەرنى قوبۇل قىلدى. ئەمما قوقان خانلىقىنىڭ پۈتكۈل شەرقىي قىسمى تېخى بويسۇندۇرۇلمىغان ئىدى. ئەنە شۇنداق كۈنلەردە ئەنجاندا قوزغىلاڭ پارتلىدى. گېنېرال مايور تروتسكى قوشۇن باشلاپ ئەنجانغا هۇجۇم قىلغاندا قاتتىق زەربىگە ئۇچراپ، 50 چە ئادىمى ئۆلدى. بۇ ۋاقىتتا ئاللىقاچان گېنېرال مايور بولۇپ بولغان سكوبېلېف قوماندانلىققا تەيىنلىنىپ، بىر قاتار كەسكىن جەڭلەردىن كېيىن 1876 - يىلى 1 - ئايغا كەلگەندە، قوزغىلاڭ رەهبەرلىرىنى تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر قىلدى. روسىيە هۆكۈمىتى يەرلىك هۆكۈمرانلارنىڭ هۆكۈمرانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى خالىمىدى. 2 - ئاينىڭ 9 - كۈنى قوقاننى ئوبلاست قىلىپ تەشكىللىدى ۋە بۇنى قەدىمي پەرغانىنىڭ نامى بىلەن ئاتىدى.

رۇسلار ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبى ۋە تاشقى كاسپى رايونىدا ئەنە شۇ يوسۇندا پۇت دەسسەپ تۇرغىدەك جايغا ئىگە بولدى. 1869 - يىلىنىڭ ئاخىرى پولكوۋنىك ستولېتوف كاۋكازدىن كەلگەن قوشۇننى باشلاپ كراسنوۋودىسكىدا بىر قورغان سالدى. كراسنوۋودسكىنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى جايلار كاۋكاز گېنېرال گوبېرناتورىغا قاراشلىق داغىستاننىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە روسىيىگە قوشۇۋېلىندى. 1873 - يىلى كراسنوۋودسكى خىۋاغا قارىتىلغان ئۇرۇشنىڭ بازىلىرىدىن بولۇپ قالغاندا، تېخىمۇ كۆپ يەرلەر روسىيىگە قوشۇۋېلىندى. بۇ قاقاس جايلار روسىيە ئۈچۈن ئېيتقاندا دېڭىز بويلىرىدىكى جايلارچىلىك ئىستراتېگىيىلىك ئەهمىيەتكە ئىگە ئەمەس ئىدى.

www.uyghurkitap.com

چۇنكى، دېڭىز بويى نۇقتىلىرىنى ئىگىلىگەندە، روسىيىنىڭ ئىران ۋە بۈيۈك بىرىتانىيە بىلەن بولغان باردى - كەلدىسىگە بەكلا پايدىلىق بولاتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي يۈز بەرگەن تۈركمەنلەرنىڭ ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇملىرى روسىيىگە تەدبىر قوللىنىپ ئىچكى قۇرۇقلۇق قاراۋۇلخانىلىرى تەسىس قىلىشنىڭ تولىمۇ زۆرۈرلۈكىنى تونۇتتى. 1879 - يىلى كاۋكاز 1 - قوشۇنىنىڭ قوماندانى گېنېرال لازارېف قۇدرەتلىك بىر تارماق قوشۇننى باشلاپ تۈركمەنلەرنىڭ باش - باشتاق قەبىلىسىدىن ئاخال تېكە قەبىلىسىگە ھۇجۇمغا ئۆتتى. لازارېف يۈرۈش جەريانىدا ئۆلگەندىن كېيىن، مۇئاۋىنى لوماكىن بۇ جايغا قىستاپ كەلدى. 1879 - يىلى 9 - ئاينىڭ 9- كۈنى لوماكىن بوستانلىق ئاھالىسىنىڭ ھەممىسىنىڭلا دېگۈدەك كۆك تۆپە تېغىدىكى قورغان تېمىنىڭ نېرىسىغا مۆكۈۋالغانلىقىنى بايقىدى. ئەسلىدە زەمبىرەك ۋە ئوت قوراللار بىلەن بۇ قورغاننى ئالغىلى بولاتتى. ئەمما غەلىبە ۋە پايدىغا ئالدىراپ كەتكەن لوماكىن بالدۇرلا توپقا تۇتۇشنى توختىتىشقا بۇيرۇق قىلدى ۋە ئاتلىق ئەسكەرلەرنى قورغاننى ئىشغال قىلىشقا ماڭدۇردى. شۇنىڭ بىلەن تۈركمەنلەرگە بىر قېتىملىق پۇرسەت تۇغۇلدى. رۇسلار شىددەتلىك ھۇجۇمغا ئۆتكەندە قاتتىق قارشىلىققا دۇچ كېلىپ تارمار كەلتۈرۈلدى. مۇشۇ قېتىمقى جەڭدە روسىيە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەڭ ئېچىنىشلىق مەغلۇبىيەتكە دۇچ كەلدى. بۇ جەڭگە قاتناشقان روسىيە قوشۇنى 3024 كىشى بولۇپ، بۇلاردىن 200 گە يېقىن ئادەم ئۆلدى، 250 تىن كۆپ ئادەم يارىلاندى.

روسىيە ھۆكۈمىتى بۇ قېتىمقى مەغلۇبىيەتنىڭ رۇسلارنىڭ ئابروينى چۈشۈرۈۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ، تېخى يېڭىلا روسىيە - تۈركىيە ئۇرۇشىدىن شەرەپ قۇچۇپ كەلگەن گېنېرال سكوبېلېفنى تېزدىن ھەربىي يۈرۈش قوماندانلىقىغا تەيىنلىدى. 1880 - يىلى 11- ئاينىڭ باشلىرى سكوبېلېف كراسنوۋودسكى ۋە دېڭىز بويىدىكى باشقا پونكىتلاردىن 11 مىڭ كىشىلىك قوشۇن تەشكىللىدى. بۇ قوشۇن كراسنوۋودىسكىدىن باشلاپ تۆمۈريول ياساۋاتقان بولسىمۇ يول پۈتمىگەچكە قوشۇن 20 مىڭ تۆگە بىلەن يۆتكەلدى، 1880 - يىلى 11 - ئاينىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، سكوبېلېف قوشۇنى ئاخالتېكە بوستانلىقىغا يېتىپ كەلدى ھەمدە بۇ يەردىكى قورغاننى قورشاۋغا ئالدى. بۇ قوشۇننىڭ كەينىدە 7100 كىشىلىك ئارقا تەمىنات سېپى بار ئىدى. مۇداپىئەچىلەر ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتتى. بىراق سكوبېلېف توپقا تۇتۇشنى توختاتمىدى ھەمدە ئەسكەرلەرگە بۇيرۇپ، قورغان تېمى ئاستىغا مىنا كۆمدۈردى. 1881 - يىلى 1 - ئاينىڭ 12 - كۈنى رۇسلار مىنانى پارتلىتىپ قورغاننى ئىگىلىدى. پات پاراقچىلىققا چۈشكەن مۇداپىئەچىلەر يەنە بىر تەرەپتىكى دەرۋازىدىن سەلدەك ئېقىپ چىققىنىچە ھەر تامان قاچتى. غەلىبە قىلغان رۇسلار توختىماستىن قوغلاپ ئەر - ئايال، قېرى - ياش دەپ ئايرىپ ئولتۇرماي، قاچقانلىكى كىشىنى چېپىۋەردى. ئاخىرى نەچچە مىڭ كىشى ئۆلتۈرۈلدى. قورغاننىڭ ئۆزىدىلا 6500 جەسەت بايقالدى. رۇسلار قېچىپ كېتەلمىگەن پۈتۈن يىگىتلەر ۋە ئەرلەرنى قىرىپ تاشلىدى. ئاياللار ۋە بالىلاردىن 5000 دەك كىشى ئامان قالدۇرۇلۇپ، ئىرانلىق 600 قۇلنى ئازاد قىلىۋەتتى.

كۆك تۆپە جاللاتلىرى تۈركمەنلەرنىڭ قارشىلىقىنى بىت - چىت قىلىپ تاشلىدى . تېكە قەبىلىسى رۇسلارنىڭ كۈچ - قۇدرىتىگە قايىل بولۇپ، توققۇز تەزىم بىلەن چار پادىشاھنىڭ سادىق پۇقرالىرىدىن بولۇپ قالدى. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن كۇروپاتكىن ئاشخاباد، كاخا ۋە باشقا تايانچ نۇقتىلارنى ئىگىلىدى. 1881 -يىلى 5- ئاينىڭ 6- كۈنى تاشقى كاسپىي رايونى كاۋكاز گېنېرال گوبېرناتورىنىڭ قول ئاستىدىكى بىر ئوبلاست دەپ جاكارلاندى. سكوبېلېف بۇ يېڭى ئوبلاستنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا تەيىنلەندى. ئەمما رۇسلار سكوبېلېفنى ناھايىتى تېزلا يۆتكەپ كەتتى ۋە ئورنىغا كوماروفنى دەسسەتتى. روشەنكى، ئۇلار ئەنگلىيىنىڭ چىشىنى قېرىشتۇرۇپ قويۇشنى خالىمىغانىدى.

1884 - يىلى 2 - ئاينىڭ 18 - كۈنى كوماروف مۇھىم بولغان تېجەن بوستانلىقىنىڭ مەركىزى شەھىرى مەرۋىنى ئىگىلىدى، ئارقىدىنلا سارافاس قورغىنىنى ھۇجۇم بىلەن ئالدى. 1885 - يىلىنىڭ بېشىدا كوماروفنىڭ ئەسكەرلىرى ھىراتقا بارىدىغان

يول ئۈستىدىكى زۇلپىقار ئۆتكىلىنى ئىشغال قىلدى. 3 - ئايدا ئۇلار ئافغانلار بىلەن تۇتىشىپ كاشكانى تارتىۋالدى. رۇسلارنىڭ ھىندىستانغا قاراتقان روشەن تەھدىتى بۈيۈك برىتانىيە بىلەن روسىيىنى خەتەرلىك ئۇرۇش گىردابىغا ئېلىپ كەلدى. ئەمما، كېيىنچە ئىككى ئىمپېرىيىنىڭ دىپلوماتلىرىدىن بىر بىرلەشمە ھەيئەت تەشكىل قىلىنىپ بۇ مەسىلىنى ھەل قىلدى. 1887 - يىلدىكى روسىيە - ئافغانىستان چېگرا شەرتنامىسىنىڭ ئىمزالىنىشى روسىيىنىڭ ئىشغالىيىتىنى ئېتىراپ قىلغانلىق ئىدى.

1891 - يىلى رۇسلار پامىر ئېگىزلىكىنى ئىگىلەشكە ئۇرۇنۇپ روسىيە بىلەن ئەنگلىيە ئوتتۇرىسىدىكى كىرىزىسكە سەۋەبچى بولدى. بۇ قېتىمقى كىرىزىس 1895 - يىلى 3 - ئايدىكى ئەنگلىيە-روسىيە شەرتنامىسى ئارقىلىق تىنچلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىندى. شەرتنامىگە ئاساسەن بىر ھەيئەت پامىر ئېگىزلىكىنى ئۆلچەش ۋە چېگرا لىنىيىسىنى ئايرىشقا ئەۋەتىلدى. روسىيىنىڭ پامىر رايونىنى ئايرىش ھەققىدىكى تەشەببۇسى كىشىلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. پامىر ئېگىزلىكىنىڭ قالغان قىسمى بولسا بۇخارا ئەمىرلىكىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

پامىر مەسىلىسىنىڭ ھەل قىلىنىشى پۈتكۈل چېگرا رايونىنىڭ ئاساسىي شەكلىنى ئېنىق قىلىپ سىزىپ چىقتى، شۇنىڭ بىلەن كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان بىر مەيدان كېڭەيمىچىلىك ھەرىكىتىگە خاتىمە بېرىلدى. بۇ قېتىمقى كېڭەيمىچىلىك ئارقىلىق رۇسلار يېرىم ئەسىرگىمۇ يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە غەربىي ياۋروپاغا باراۋەر كېلىدىغان زېمىنغا ئىگە بولدى. ئۇلارنىڭ چىقىم قىلغان ئادىمى نىسبەتەن قىلىپ ئېيتقاندا تولىمۇ ئاز بولدى، كۆپ قېتىملىق جەڭلەر ئەمەلىيەتتە پەقەت رۇسلار ئۈچۈن مانېۋىر بولدى. ئەمما رۇسلارنىڭ ئىقتىساد ۋە ئىستراتېگىيە جەھەتتىن ئىگە بولغان يوشۇرۇن پايدىسى بولسا غايەت زور دەرىجىدە كۆپ ئىدى.

رۇسلارنىڭ بويسۇندۇرۇش جەڭلىرىنىڭ دولقۇنلىرى ياۋروپانىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇش، ئىقتىساد، تېخنىكا ۋە مەدەنىيىتىنى ئاسىيانىڭ يۈرىكىگە ئېلىپ كەلدى. سالامەتلىك ۋە مۇداپىئە قىلىش نۇقتىسىدىن رۇسلارنىڭ ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونى يەرلىك شەھەرلەرنىڭ ئارىسىغا ئەمەس، ئۇلارغا يېقىن جايلارغا سېلىندى. يەنە كېلىپ بۇ ئولتۇراق نۇقتىلارنىڭ شەكلى ناھايىتى كۆڭۈل قويۇپ لايىھىلەنگەنىدى. كائۇفماننىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن تاشكەنتتىكى رۇس ئولتۇراق رايونى تەۋەسىدە ئىككى يېنىغا دەرەخ تىكىلگەن تۈز يوللار ۋە ھەشەمەتلىك ئاممىۋى ئىمارەتلەر لايىھىلەندى. كائۇفمان يەنە رەسەتخانا، مۇزېي، كۇتۇپخانا، گېزىت قاتارلىقلارنى بەرپا قىلىپ چىقتى. ئۇ يەنە مەزكۇر رايوندىكى تەبىئىي بايلىقلار ھەققىدە تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىشقا مەدەت بەردى. باشقا شەھەرلەرمۇ مۇشۇ شەكىلنى ئۈلگە قىلدى.

رۇسلار تارتىۋالغان جايلىرىنى مۇستەھكەم تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن، ئاھالە كۆچۈرۈش زۆرۈر ئىدى. كۆچمەنلەر مەسىلىسى باشتىن تارتىپلا روسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. تۈركىستان رايونىدا بوش يەرلەر بولمىغاچقا كائۇفمان ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ۋەزىپە ئۆتىگەنلەر تۈركىستانغا كەلگەن رۇسلارنى شەھەرلەردە ئولتۇراقلاشتۇردى. يايلاق رايونىدىكى تېرىقچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئىشلىرى كۆچمەنلەرنى ناھايىتى زور ئىمكانىيەتلەر بىلەن تەمىن ئېتەتتى. بۇ يەردە كۆچمەنلەر ئەڭ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. روسىيە ھۆكۈمىتى ئەڭ دەسلەپ كازاكلارغا تاياندى. 1867 - يىلغا كەلگەندە ئۇلار يەتتىسۇ ئوبلاستىنىڭ ئېدىرلىق رايونىغا 12 مىڭغا يېقىن كىشىنى ئورۇنلاشتۇردى. ئەمما پاكىتلار بۇ خىل ۋاستىنىڭ بەكمۇ ئاستا بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. ئەڭ دەسلەپ 1861 - يىلدىكى دېھقانلار ئازادلىقىدىن كېيىنكى ئاھالىلەرنىڭ «زىيانلىق يۆتكىلىشى» نىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، روسىيە ھۆكۈمىتى دېھقانلارنىڭ بۇ رايونلارغا كۆچۈپ كېلىشىنى مەنئى قىلغانىدى. كېيىنچە دېھقانلارنىڭ يۆتكىلىشىگە سۈكۈت قىلىندى. ئەڭ ئاخىرى جەنۇبىي روسىيىدىكى يەر جىددىيچىلىكى ۋە بۇنىڭ سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان بېسىم كۆنسېرى ئېغىرلاشقان پەيتتە ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتى كۆچمەنلەرنى ئاشكارە رىغبەتلەندۈرۈشكە ئۆزگەردى. XIX ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرى روسىيە ھۆكۈمىتى سىبىرىيە تۆمۈريولىنى

سىلىپ، دېھقانلارنىڭ يېڭى رايونلارغا بېرىشىغا پىلانلىق ھالدا ياردەملەشتى. 1896 ـ يىلى يەنە كۆچمەنلەر ئىدارىسى تەسىس قىلىندى. بۇ ئىدارە مۇۋاپىق يەرلەرنى تېپىپ ۋە تەييارلاپ، دېھقانلارنىڭ ئولتۇراقلىشىشىغا ياردەملەشتى. بۇ خىل رىغبەتلەندۈرۈشلەر ئارقىسىدا كۆچمەن بولۇش كويىدىكى مىڭلىغان تۈمەنلىگەن كىشىلەر ھەر يىلى ئۇرال تاغلىرىدىن ھالقىپ، توپ ـ توپ بولۇپ ئاقتى. 1908 ـ يىلغا كەلگەندە، كۆچۈش ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىقتى. كۆچمەنلەرنىڭ سانى 665 مىڭغا يەتتى. بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى قازاق يايلىقىغا ماكانلاشتى.

پاكىتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، يەرلىك ئاھالە ئۈچۈن ئېيتقاندا، رۇسلارنىڭ ئىشغالىيەت جەريانىدا قوللانغان كۆچمەنلەر سىياسىتى ئۇلار قىلغان ھەرقانداق ئىشتىنمۇ بەكرەك زىيانلىق بولۇپ چىقتى. يەرگە تەشنا دېھقانلارغا ئەڭ مۇنبەت يەرلەردە ئولتۇراقلىشىشقا ئىجازەت بېرىلگەچكە، قازاق ۋە قىرغىز كۆچمەنلىرىنى يەردىن مەھرۇم قالدۇرۇپ ئۇلارنى تولىمۇ مۈشكۈل ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، رۇسلار كۆچمەنلەر ھەرىكىتىنى توختاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئېقىپ كىرگەن كۆچمەنلەر كۆپلىگەن رايونلارنىڭ ئېتنىك قۇرۇلمىسى ۋە تۇرمۇش شەكلىنى ئاللىقاچان ئۆزگەرتىپ بولغانىدى. يايلاقتىكى ئوبلاستلار ۋە يەتتىسۇ رايونىدا ئېتنىك تەڭپۇڭلۇق بۇزۇلۇشقا يۈزلەندى. يېڭى كەلگەن كۆچمەنلەر بولسا ئېتنىك جەھەتتە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەشكە باشلىدى. 1911 ـ يىلى ئۇرالسكى، تورغاي، ئاقمولىنسكى ۋە سىمپالاتىنسكى قاتارلىق تۆت يايلاق ئوبلاستىدىكى پۈتكۈل ئاھالە (تەخمىنەن 3مىليون 834مىڭ كىشى) نىڭ 40%ى (1مىليون 544مىڭ كىشى) ياۋروپا روسىيىسىدىن كۆچۈپ كەلگەن كۆچمەنلەر ئىدى. يەتتىسۇ رايونىدا كۆچمەنلەر 20% ئىدى. يەنى بۇ 204مىڭ كىشى رۇس دېگەنلىك ئىدى.

بىراق، تۈركىستان گوبېرناتورلۇقىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى سۇغىرىلىدىغان جايلاردا ئەھۋال باشقىچىرەك ئىدى. بۇ جايدا 1911-يىلدىكى پۈتكۈل ئاھالە 5مىليون 90مىڭ بولۇپ، رۇسلار ئاران 4%نى تەشكىل قىلاتتى، يەنى 202مىڭ كىشى ئىدى. ھەتتا بۇ كىشىلەرنىڭ 177مىڭ 374ى شەھەر ئاھالىسى ئىدى. شۇنداق بولغاندا پۈتكۈل تۈركىستان رايونىدا 25 مىڭ كىشىلا رۇس دېھقانلىرى ھېسابلىناتتى. بۇ خىل نوپۇس تەڭپۇڭسىزلىقى ھادىسىسىگە قارىتا روسىيە دائىرىلىرى بۇ جايدىكى رۇسلارنى «يەرلىكنىڭ پايانسىز دېڭىزى» دا يوقىلىپ كېتىۋاتىدۇ، دەپ ئويلىماقتا ئىدى.

نىسبىي قىلىپ ئېيتقاندا، تۈركىستاندىكى رۇس كۆچمەنلىرى كۆپ بولمىسىمۇ، رۇسلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى يەنىلا يەرلىكنىڭ ئىقتىسادىنى ئۆزگەرتتى. تۈركىستان رايونىدا قەدىمدىن تارتىپ پاختا تېرىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، پاختىلارنىڭ سۈپىتى بەكلا تۆۋەن ئىدى. ئىشلەپچىقىرىش ۋە توشۇش ئىشلىرىمۇ ئىپتىدائىي ھالەتتە تۇرۇۋاتاتتى. 1883 ـ يىلى كائۇفمان تەجرىبە قىلىپ كۆرگەندىن كېيىن، روسىيە ھۆكۈمىتى ئامېرىكىنىڭ يۇقىرى سۈرئەتىنى ۋە ئامېرىكىنىڭ پاختا پىششىقلاپ ئىشلەش ئۈسكۈنىلىرىنى كىرگۈزدى. شۇنىڭدىن كېيىن پاختا ئىشلەپچىقىرىشدا تېزدىن يۈكسىلىش بولدى. 1914 ـ يىلغا كەلگەندە، روسىيە ئۆز سانائىتىگە كېرەكلىك پاختىنىڭ يېرىمىنى ئىشلەپچىقىرالايدىغان بولدى. 1888 ـ يىلى ئوتتۇرا ئاسىيانى تاشقى دۇنيا بىلەن باغلايدىغان تۇنجى تۆمۈريول لىنىيىسى — تاشقى كاسپىي تۆمۈريولى سەمەرقەنتكە تۇتاشتۇرۇلۇپ، زور مىقداردىكى يۈتكەش ئىشلىرىغا مۇمكىنچىلىك تۇغۇلدى. ئەرزان باھادىكى يۆتكەش ھەققى ۋە بۇنىڭ بىلەن بىرىكىپ كەتكەن قوغداش تاموژنا بېجى تۈركىستاننىڭ پاختا ئىشلەپچىقىرىشنى چەتئەلنىڭكى بىلەن رىقابەتكە چۈشۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. 1899—1905ـ يىللىرى روسىيە ھۆكۈمىتى يەنە ئورېنبۇرگ ـ تاشكەنت تۆمۈريولىنى ياسىدى. بۇنىڭ بىلەن تۈركىستان رايونى ئۇكرائىن ۋە غەربىي سىبىرىيىدىن ئەرزان باھالىق بۇغداي ئىمپورت قىلىپ، يەرلىكلەرنى تېخىمۇ كۆپ يەرلەرگە پاختا تېرىشقا رىغبەتلەندۈردى. تۈركىستان ـ سىبىرىيە تۆمۈريولىدا 1914 ـ يىلدىن ئاۋاللا ئىش باشلانغان بولسىمۇ، 1930 ـ يىلىغا كەلگەندە ئاندىن تاماملاندى. بۇ

uyghurkitap.com

تۆمۈريول لىنىيىسى تۈركىستان رايونىنىڭ ئىقتىسادىي ئىسلاھاتىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈردى. ئەمما بۇ خىلدىكى نوقۇل زىرائەت ئىقتىسادىنىڭ ئىللەتلىرى يەرلىك دېھقانلارنى قەرزدارلىق ۋە ئىجارىنىڭ مۇشكۇل مۇھىتىغا پاتۇرۇپ قويىدى.

باشقا يېزا ئىگىلىك ئىسلاھاتلىرى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن بولسىمۇ، كۆلەم جەھەتتە تېخىمۇ زور چەكلىمىگە ئۇچرىدى. رۇسلار بىر مەھەل قۇرۇق مېۋە ۋە ھۆل مېۋىلەرنى تۆمۈريول ئارقىلىق ياۋروپا روسىيىسىگە توپ يۆتكەپ ئايرىشنى سىناق قىلىپ باقتى. زامانىۋى تەجرىبە ۋاستىلىرى ۋە تەجرىبە ئۇسۇللىرى قوللىنىلغانلىقى، يەنە كېلىپ تەجرىبە پونكىتلىرى قۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن قەدىمىي يىپەكچىلىك جىق ياخشىلىنىپ كەتتى. ئۈزۈم ئۆستۈرۈش ۋە ھاراق ئىشلەش سەمەرقەنتتە مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى. تاشكەنتكە يېقىن جايلاردا شېكەر قومۇشى ئۆستۈرۈلدى. يايلاق رايونىغا چۆپ ئورۇش ماشىنىسى ۋە باشقا زامانىۋى دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى كىرگۈزۈلدى ھەمدە توگىلىتىش ماشىنىسى ئارقىلىق گۆش ۋە يېمەكلىك توشۇش تەجرىبىسى ئىشلەندى.

رۇسلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى سەۋەبىدىن چوڭ كۆلەملىك ئاساسلىق سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشلىرى ئوتتۇرا ئاسىيادا بىر نەچچە ئەسىردىن ئۇزاق ئىشلەندى. كائۇفمان ۋە ئۇنىڭ ئورنىغا چىققان چېرنيايېفلارنىڭ تاشكەنتنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى «ئاچارچىلىق يايلىقى» دەپ ئاتالغان رايوننى سۇغىرىش ئۈرۈنۈشلىرى مەغلۇب بولغاندىن كېيىن، تاشكەنتتە سۈرگۈنلۈك ھاياتى كەچۈرۋاتقان كىنەز نىكولاي كونستانتىنوۋسكى كىچىكرەك كۆلەمدىكى بىر تۇرلۇك قۇرۇلۇشتا مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. بۇ قۇرۇلۇش 1900 - يىلى يامان غەرەزلىك رومانوف قانىلى قۇرۇلۇشىغا قوشۇۋېتىلدى. رومانوف قانىلى قۇرۇلۇشىنىڭ مەقسىتى 50 مىڭ گېكتار يەرنى سۇغىرىش ئىدى. تاشقى كاسپىي ئوبلاستىدا مۇرغاپ دەرياسىنىڭ باش ئېقىنىدىكى بىر قاتار سۇ توسمىلىرى مەرۋىگە يېقىن جايدىكى 27 مىڭ 250 گېكتار يەرنى سۇغىرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. بۇنىڭدىنمۇ چوڭ بولغان باشقا قۇرۇلۇشلارنىڭ ھەممىسىلا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. بۇلاردىن ئەڭ تىپىك بولغىنى، كىشىلەر ئىزچىل تەلپۈنۈپ كەلگەن XX ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدىكى تۈركمەنىستان ئاساسىي قانىلى قۇرۇلۇشى ئىدى. بۇ قۇرۇلۇش پىلانىدا ئامۇ دەرياسىنى قەدىمكى دەريا قىنىغا قايتۇرۇپ، قايتىدىن كاسپىي دېڭىزىغا قويۇلىدىغان قىلىش مۆلچەرلەنگەنىدى. ئامۇ دەرياسىنىڭ سۈيىدىن پايدىلىنىپ قارا قۇرۇم چۆلىنىڭ شەرقىدىكى كەڭ رايونلارنى سۇغىرىش ئۈچۈن بىر نەچچە تۈرلۈك قۇرۇلۇش بىر قانال ئۈچۈن خىزمەت قىلدى. بۇ قانال بولسا ھازىرقى قارا قۇرۇم قانىلىنىڭ ئالدىنقى گەۋدىسى ئىدى. بىراق ئەڭ دەبدەبىلىك پىلان كۆچمەنلەر ئىدارىسىنىڭ كاتىپبېشى، باش ۋەزىر ستروپىننىڭ قابىل ياردەمچىسى كرىۋوشىن 1912 - يىلى ئوتتۇرىغا قويغان پۈتكۈل تۈركىستاننى راۋاجلاندۇرۇش پىلانى ئىدى. كرىۋوشىن ئىقتىساد بىلەن سىياسىي مۇددىئانى بىرلەشتۈرۈپ، كۈچىنىڭ بارىچە زور كۆلەملىك سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشىنى راۋاجلاندۇرۇپ، پولشانىڭ يەر مەيدانى بىلەن باراۋەر كېلىدىغان پاختىچىلىق - دېھقانچىلىق رايونى قۇرۇپ چىقىشنى تەشەببۇس قىلدى. بۇنداق بولغاندا، روسىيە پاختىدا ئۆز - ئۆزىنى تەمىنلەپلا قالماي يەنە بۇ رايونغا 1 مىليون 500 مىڭ دېھقاننى كۆچۈرۈپ رۇسلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىشىگە چوڭ ياردەم بېرەلەيتتى.

ئىمپېراتور پېتىر زامانىسىدىن تارتىپلا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كان بايلىقى رۇسىيىنى قىزىقتۇرۇپ كەلگەنىدى. ئىمپېراتور پېتىر بىر ۋاقىتلاردا يىراقتا يۈرۈش قىلغۇچى زور قوشۇن ئەۋەتىپ، ئېرتىش دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمى ۋە خىۋادىكى ئەپسانىۋى ئالتۇن كانلىرىنى ئىزدەپ كۆرگەنىدى. ئالتاي رايونى ئۈست كامېنوگورسكى قاتارلىق جايلاردىكى قوغۇشۇن كېنى ۋە كۈمۈش كېنىنىڭ قېزىلىشى 1784 - يىلدىن باشلىنىدۇ. ئاقمولىنسكى ئوبلاستى تەۋەسىدىكى قوغۇشۇن كېنى ۋە كۈمۈش كېنىنى قېزىش قۇرۇلۇشىمۇ XIX ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرى باشلاندى. قاراغاندا كۆمۈر كېنىنىڭ قېزىلىشى XIX ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرى باشلاندى. سپاسكى ۋە تېخىمۇ جەنۇبتىكى ئۇسپېنسكى مىس كانلىرىنىڭ

ئېچىلىشىمۇ خېلىلا كېيىنكى ئىشلار ئىدى. زاپاس مىقدارى دۇنيا بويىچە ئەڭ مول بولغان جەنۇبىي قازغان مىس كېنى 1771 - يىلدىن تارتىپ كىشىلەرنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىدى ھەمدە XIX ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدىن تارتىپ قېزىلىشقا باشلىدى. تۈركىستان رايونى رۇسلارنىڭ قەدىمىي يېتىپ كېلىشتىن ئىلگىرىلا كۆمۈر، قوغۇشۇن، ئالتۇن، گۈڭگۈرت ۋە تۇز كانلىرى بىلەن مەشھۇر ئىدى. بىراق، كاپىتالىنىڭ كەملىكى، تەجرىبىلىك ۋە تەربىيىلەنگەن خاس ئەمگەك كۈچىنىڭ يوقلۇقى، قاتناش قۇراللىرىنىڭ ئازلىقى ياكى يوقلۇقى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۇ كانلارنىڭ قىسمىتى ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ كەلگەنىدى. چوڭ كۆلەملىك قېزىش خىزمىتى ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس ئىدى، ھەتتا كۆپىنچە كانلارغا تېخى قول تەگمىگەنىدى. شۇ مەزگىللەردىكى باشقا مۇستەملىكىچى ھاكىمىيەتلەرگە ئوخشاش، رۇسلارمۇ ئىنسانپەرۋەرلىكنى باھانە قىلىپ تۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىگىلەش قىلمىشىنى ئاقلىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كېڭەيمىچىلىكىنى بىر تۈرلۈك مەدەنىي بۇرچ دەپ قارىدى. ئەمما دەل مۇشۇنىڭ ئارقىسىدا ئۇلار كەمدىنكەم ئېتىراپ قىلىدىغان ئىقتىسادىي ۋە ئىستراتېگىيىلىك ئەۋزەللىك مەۋجۇت ئىدى. بىراق ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، رۇسلار باشقا مۇستەملىكىچى ھاكىمىيەتلەرگە ئوخشاشلا بىر ئامالىنى قىلىپ، يەرلىك مىللەتلەرنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئېلىشنىڭ كويىدا ئىدى. رۇسلار بۇ مەزگىلگە كۆپ قېتىم دۇچ كەلگەن بولۇپ، سان جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈك، نىسبىي مەدەنىيەت ئۈستۈنلۈكى، قانۇنىي ھوقۇقنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك كەمچىل بولۇشى، ھەتتا پسىخىك كەمستىش تۈيغۇسى قاتارلىقلار رۇسلارنىڭ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىدىكى كۆپلىگەن مىللەتلەرنى ئېتنىك ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردىن رۇسلاشتۇرۇۋېتىشكە زور ياردەملەرنى بەردى. لېكىن XIX ئەسىردىكى مىللەتچىلىك ۋە مۇستەملىكە تالىشىش كۈرەشلىرى ئىلگىرىكى زامانلارغا خاس ئاددىي ئاسسىمىلاتسىيە شەكلىگە خاتىمە بەردى. XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن تارتىپ، رۇسلار بىر

مەيدان ھەرىكەت قوزغاپ، بېقىندى يات مىللەتلەرنى روسىيە ھاكىمىيىتى بىلەن تېخىمۇ زىچ مۇناسىۋەتكە ئىگە قىلدى. يات مىللەت بېقىندىلىرىغا روسىيە بىلەن بىرەدەكلىكنى ساقلاش ۋە ئۇنىڭغا سادىق بولۇش ئىدىيىسىنى سىڭدۈردى. ئۇلارغا رۇس تىلى ۋە مەدەنىيىتىنى تارقاتتى ھەتتا مۇمكىن بولغاندا ئۇلارنى پراۋسلاۋىيە دىنىغا ئېتىقاد قىلدۇردى.

قازاقلاردىكى ئىپتىدائىي تۇرمۇش شەكلى ۋە جۇغراپىيىلىك ماكان شۇنداقلا ئۇلاردىكى مۇكەممەل بولمىغان ئىسلام ئادەتلىرى روسىيە مەدەنىيىتىنىڭ سىڭىپ كىرىشىگە بەكلا ئوڭ كەلدى. XIX ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىدىن باشلاپ شەرقشۇناس، مىللەتچى ئىلمىنىسكى قازاق ئاۋۇللىرىدا مەكتەپ ئېچىش پىلانىنى لايىھەلەپ چىقتى. ئىلمىنىسكىنىڭ پىلانى ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئىبراي ئالتىنسارىننىڭ ياردىمىگە ئېرىشتى. ئۇلار قازاق تىلى، رۇس تىلى دەرسى ئۆتتى. ئوقۇغۇچىلار ئاۋۇل مەكتەپلىرىدىن يېزا مەكتىپىگە ياكى «رۇس - قىرغىز» مەكتىپىگە كىرەلەيتتى. ھەر بىر ئوقۇش مۇددىتى ئىككى يىل بولاتتى. بۇنىڭدىن كېيىن بولسا، ئوقۇغۇچىلار روسىيە شەھەرلىرىدىكى مەكتەپلەرگە، ئورېنبۇرگدىكى قىرغىز پېداگوگىكا ئىنستىتۇتلىرىغا ياكى باشقا ئالىي مەكتەپلەرگە كىرىپ ئوقۇيتتى.

قازاق مەكتەپلىرىنىڭ تەرەققىياتى يەرلىك مەمۇرلارنىڭ قىزىقىشىغا ۋە مەكتەپلەر ئىگە بولالايدىغان مەبلەغكە تايىنىدىغان بولغاچقا، مەكتەپلەرنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى بەكلا ئاستا ۋە ئېگىز - پەس ئىدى. تورغاي ئوبلاستىدا مائارىپنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن ئالتىنسارىن 1879 - يىلدىن تاكى 1889 - يىلى ۋاپات بولغانغا قەدەر ئۆزى بىلەن ئوخشاش ئىدىيىدىكى رۇس ئەمەلدارلىرىنىڭ يېتەكچىلىكى ئارقىسىدا ئىزچىل تورغاي ئوبلاستلىق مەكتەپنىڭ مۇپەتتىشلىكىنى ئۈستىگە ئالدى. باشقا بىر قىسىم ئوبلاستلاردا بولسا ئاساسەن دېگۈدەك ھېچ ئىش قىلىنمىدى. ھەر يىلى ئەڭ كۆپ بولغاندا 2000 دىن قازاق بالىسى مۇشۇ مەكتەپلەردە تەربىيىلەنسىمۇ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ھېچقاچان باشلانغۇچ

سەۋىيىسىدىن ھالقىپ كېتەلمەيتتى.

تۈركىستاندىكى يەرلىك ئولتۇراق ئاھالە رايونىدا مەۋجۇت بولۇۋاتقان مەسىلە تولىمۇ قىيىن ئىدى. بۇ مىللەتلەرنىڭ خېلى بۇرۇنلا ئۆزىگە خاس مائارىپ سىستېمىسى مەۋجۇت ئىدى. X IX ئەسىرنىڭ ئاخىرى تۈركىستاندا 5000 باشلانغۇچ مەدرىسە ۋە 400 مەدرىسە بار بولۇپ، بۇلاردا ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچى تەخمىنەن 75 مىڭ كىشى ئىدى. كائۇفمان بۇ مەكتەپلەرنى رۇسىيىنىڭ مەنپەئەتىگە قارشى دەپ قارىسىمۇ، بۇ مەكتەپلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا ئۇرۇنمىدى. ئەكسىچە غەرەزلىك ھالدا تۈركىستاندىكى باشقا ئىسلام ئورگانلىرىغا قارىتىلغان كارى بولماسلىق سىياسىتى بويىچە مۇئامىلە قىلدى. ئۇ دۆلەتنىڭ قوللىشىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، يۇقىرى دەرىجىلىك مۇسۇلمان مەكتەپلىرىنىڭ ئاممىۋى ئورگانلارنى كونترول قىلىشتەك ھالىتىگە خاتىمە بېرىش، بۇ مەكتەپلەرنى ئاجىزلاشتۇرۇپ ئەرزىمەس ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ ياكى ئۇلارنىڭ جىددىي ئۆزگەرتىلىشىگە سەۋەب بولىدۇ، دەپ قارايتتى. ئۆزى تەشنا بولۇپ كۈتۈۋاتقان يەرلىك مەكتەپلەرنىڭ قالاقلىقى ئارقىسىدا كېلىپ چىققان بوشلۇقنى تولدۇرۇش ئۈچۈن كائۇفمان رۇس بالىلىرى ۋە يەرلىك بالىلار ئۈچۈن تەسىس قىلىنغان ئىككى تىللىق مەكتەپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى رىغبەتلەندۈردى. بۇ خىلدىكى تۇنجى مەكتەپ 1884- يىلى تەسىس قىلىندى، 1915 - يىلىغا كەلگەندە پۈتكۈل تۈركىستان رايونىدا بۇ خىلدىكى مەكتەپلەر 90 نەچچىگە يەتتى. جۈملىدىن سىر دەريا ئوبلاستىدا 65 مەكتەپ، 3410 ئوقۇغۇچى بار ئىدى. ئەمما سىر دەريا ئوبلاستىدىكى بۇ سان پەقەت يەرلىك بالىلارنىڭ % 2نى تەشكىل قىلاتتى. بۇنىڭ بىلەن سېلىشتۇرغاندا مۇشۇ مەزگىلدىكى سىر دەريا ئوبلاستىدىكى 10 مىڭ رۇس بالىسىنىڭ تەخمىنەن %95 ى باشلانغۇچ مائارىپنى كۆرگەن بالىلار ئىدى. بۇ جايدىكى يەرلىك بالىلارنىڭ ئالىي مائارىپ تەربىيىسى كۆرىدىغىنى تېخىمۇ ئاز ئىدى. 1879 - 1904 - يىللار ئارىلىقىدىكى 25 يىل ۋاقىت ئىچىدە تاشكەنت دارىلفۇنۇنىدا ئوقۇغان 415 ئوقۇغۇچىدىن 65ى يەرلىك كىشىلەر ئىدى. يەنە كېلىپ بۇلاردىن 11 كىشى ئۆزبېك، تۈركمەن ۋە تاتار بولۇپ، قالغان 54 نەپىرى قازاق ۋە قىرغىز ئىدى. ماتېرىيال نۇقتىسىدىن قارىغاندا، بۇ نەتىجە ھېچقانچە ھېسابلانمىسىمۇ، مۇشۇ ئازغىنە ئادەم رۇسلار تەمىن ئەتكەن پايدىلىق شارائىتتىن پايدىلىنىپ، غەرب مائارىپىنى قوبۇل قىلغان كىشىلەردىن بولۇپ قالدى، شۇنداقلا يەرلىك زىيالىيلار قاتلىمىنىڭ شەكىللىنىشىگە يول ئاچتى.

تۈركىستان زىيالىيلار قاتلىمىنىڭ شەكىللىنىشىنى ئۇلار ئۇزاق زامانلار ئىزدىگەن «يېقىنلىشىش» نىڭ نەتىجىسى دەپ قارايدۇ. رۇسلارنىڭ مەقسىتىمۇ دەل مۇشۇ خىل «يېقىنلىشىشتا» ئىدى. بىراق زىيالىيلار قاتلىمىنىڭ شەكىللىنىشى ئۆز نۆۋىتىدە يەرلىك كىشىلەرنىڭ رۇسىيە ھۆكۈمرانلىقىغا تېخىمۇ ئۈنۈملۈك قارشى تۇرۇشىدىن بىشارەت بەردى. چۈنكى رۇسلارنىڭ ئارىلاپ - ئارىلاپ جاكارلىغانلىرىنىڭ ئەكسىچە، يەرلىك كىشىلەر رۇسلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ باقمىغانىدى. خۇددى رۇسىيىنىڭ ئىستىلا تارىخى ۋە ئاشۇ قارشىلىقنىڭ ئاجىز ئۇچقۇنلىرىنىڭ ئۆچۈرۈلۈشى (مەسىلەن: 1898 - يىلى ئەنجاندا يۈز بەرگەن ئۈچ كۈنلۈك قوزغىلاڭ) ئىسپاتلىغاندەك ئاكتىپ قارشىلىقتىن ھېچنەرسە كۈتكىلى بولمايتتى. رۇسلار باشتىن تارتىپلا يەرلىك ئاھالىنىڭ ئەسكەرلىك مەجبۇرىيىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرغانىدى. ئۇلار يەرلىك مىللەتلەرنىڭ ھەربىي كەيپىياتىنى قوزغىتىپ قويۇش، ئۇلارغا ياۋروپانىڭ ھەربىي تەشكىلى ھەققىدە چۈشەنچە بېرىش، زامانىۋى قوراللارنى ئىشلىتىشنى ئۆگىتىپ قويۇش قاتارلىقلارنى خەتەرلىك دەپ قارايتتى. رۇسلارغا كونترول قىلىش قىيىن بولغان يەرلىك كىشىلەردىن تەشكىللەنگەن مۇنتىزىم ئارمىيە كېرەك ئەمەس ئىدى.

يەرلىك ئاھالە ئۈچۈن ئېيتقاندا، بويسۇندۇرۇلۇش ۋە زامانىۋىلىشىش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلىك تاللاش ھەرقاچان مەۋجۇت ئىدى. زامانىۋىلىشىش ئۇلارنى ئىستىلاچىلارغا تاقابىل تۇرۇش قابىلىيىتىگە ئىگە قىلاتتى، ئەمما بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئۆزىنى ئۆزگەرتىشى، ئۆزلىرى قوللاۋاتقان ئاشۇ تۇرمۇش

www.uyghurkitap.com

شەكلىدىن ۋاز كېچىشى كېرەك ئىدى. رۇسلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ هازىر قىلىۋاتقانلىرى هامان بىر كۈنى ئۇلارنىڭ بۇ رايوندىكى هۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بېرەتتى.

XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى باشقا يات دىندىكىلەرنىڭ هۆكۈمرانلىقىدا ياشاۋاتقان مۇسۇلمان مىللەتلىرى ئارىسىدا يېڭى ئېقىم كۈنسېرى ئۇلغىيىپ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. بۇ يېڭى ئېقىمنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار دۇنيانىڭ باشقا جايلىرى تەرەققىي قىلىۋاتقان ۋاقىتتا ئۆزلىرىنىڭ ئارقىغا دەسسەۋاتقانلىقىنى بارغانسېرى تونۇپ يەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم ئوتتۇرا ئاسىيا مۇسۇلمانلىرى جەدىدىزىمنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىدىن بولۇپ قالدى. بۇ خىل يېڭى مائارىپ ئۇسۇلىنى قىرىم تاتارلىرىدىن چىققان مەشهۇر زات ئىسمائىل بەي گاسپىرالى ياراتقانىدى. ئۇنىڭ پروگراممىلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. بۇ مۇتەپەككۇرلار ئىسلاھاتچىلارنىڭ تەشەببۇسلىرىدىن ئۈمىدلىنىشكە باشلىدى. 1901 ـ يىلى تاشكەنتتە تۇنجى جەدىد مەكتەپ ئېچىلدى. گەرچە هۆكۈمەتنىڭ نازارىتى ۋە مۇتەئەسسىپ مۇسۇلمانلارنىڭ قارشىلىقى بولسىمۇ، باشقا مەكتەپلەر هەدەپ بۇنى تەقلىد قىلغىلى تۇردى. ياپونىيە ـ روسىيە ئۇرۇشى ۋە 1905 ـ يىلدىكى ئىنقىلاب ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يەرلىك ئىسلاهات هەرىكەتلىرىگە غايەت زور تۈرتكە بولدى. بىرىنچى، ئىككىنچى نۆۋەتلىك دۆلەت دۇماسىدا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋەكىللىرىمۇ باشقا رايونلاردىن كەلگەن مۇسۇلمان ۋەكىللىرىنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. پاكىتلار رېئال سىياسىي ۋەكىللىك تۈزۈمىنىڭ ئۆمرى كوتا بولغانلىقىنى كۆرسەتسىمۇ، ئىسلاهات هەرىكىتى مۇسۇلمانلارنىڭ مەدەنىي هايات دائىرىسىدە ئۇلغىيىشقا باشلىدى. 1914 ـ يىلغا كەلگەندە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى جەدىد مەكتەپلەر يۈزدىن ئېشىپ كەتتى. يەرلىك گېزىتلەرمۇ نەشر قىلىندى. ئورېنبۇرگدا بىر نەچچە قازاق زىيالىسى قازاقچە گېزىت تەسىس قىلىشقا كۈچ چىقىرىپ، 1912 ـ يىلغا كەلگەندە بۇ ئىشنى ۋۇجۇتقا چىقاردى. قازاقچە گېزىت روسىيە هۆكۈمىتىنىڭ رۇسلاشتۇرۇش سىياسىتىنى تەنقىدلەپ، روسىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ قازاقلار رايونىغا كۆچۈپ كەلگەنلىكىنى قاتتىق قامچىلىدى. بۇ گېزىت يەنە پانئىسلامىزىمنى تەرغىپ قىلىدىغان كونسېرۋاتىپ گۇرۇهلارغا هۇجۇم قىلىپ، قىرغىز ۋە قازاق خەلقىنىڭ ئەسكەرلىك مەجبۇرىيىتىنى ئۆتۈشنى تەلەپ قىلدى. تېخىمۇ كۆپ مەكتەپلەرنى ئېچىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كۆچمەن تۇرمۇشتىن ئولتۇراق تۇرمۇشقا ئۆتۈشنى تەشەببۇس قىلدى. دەسلەپ قازاقچە گېزىتنىڭ دىققىتى ئىقتىسادىي مەسىلىلەرگە مەركەزلەشكەنىدى. كېيىنچە تەدرىجىي سىياسىي مەسىلىلەرگە بۇرۇلدى (گەرچە ئۇلارنىڭ ئىز بېسىپ ماڭغىنى روسىيە لىبىراللار پارتىيىسى قوللانغان ئۇسۇل بولسىمۇ) .

يەرلىك مىللەتلەردىكى ئويغىنىشنىڭ يۈزلىنىشى قاياققا قاراپ راۋاجلىنىدۇ، رۇسلارنىڭ تۈركىستان رايونىنى ئىگىلىۋېلىشى مەزكۇر رايوندىكى قۇشۇمچە ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى جىددىيلەشتۈرۈپ قويامدۇ- يوق، رۇس ئىشغالىيىتى مەدەنىيەت جەهەتتىكى سىڭىشىش ۋە مۇستەملىكىلەشتۈرۈش جەريانىنى تېزلىتەمدۇ ـ يوق؟ دېگەن مەسىلىلەر تېخىچە تېپىشماق هالەتتە تۇرۇۋاتاتتى. ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشى، يېڭى ئىدىيەلەرنىڭ تارقىلىشى ۋە 1905 ـ يىلدىكى ئىنقىلاب مالىمانچىلىقى قاتارلىقلار ئۆزگىرىش دەۋرىنىڭ يېتىپ كېلىشىدىن بىشارەت بەردى. 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ پارتلىشى بىلەن كونا تۈزۈمنىڭ پاچاقلاپ تاشلىنىشى قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدا قالغاندا، رۇسىيە ئوتتۇرا ئاسىياسىمۇ دۇنيادىكى باشقا رايونلارغا ئوخشاش ئىلگىرىكى ئون يىلدىكى نۇرغۇن غايە ۋە قىممەت قارىشىنى بىر ياققا قايرىپ قويدى. ياكى ئۆزلىرىمۇ تۈيمىغان هالدا ئۆزگىرىپ كەتتى. نۇرغۇن پىكىر ئېقىملىرى تۇنجۇقتۇرۇۋېتىلدى ياكى بۇرمىلىۋېتىلدى. كىشىلەر ناهايىتى تېزلا ئۇرۇشنىڭ تەسىرىنى هېس قىلىشقا باشلىدى. باج ئېغىرلاپ، پۇل پاخاللىقى ئېغىرلىشىپ كەتتى. يەرلىك كىشىلەرنىڭ چېدىرلىرى، هارۋىلىرى ۋە مال ـ ۋارانلىرى سەيسىگە تۇتۇلدى، روسىيە كۆچمەنلىرىنىڭ مىلتىقلىرىمۇ يىغىۋېلىنىپ ئالدىنقى سەپكە توشۇلدى. كۆچمەنلەر دولقۇنى توختىدى. ئەمما كۆچمەنلەرنىڭ ئىزىغا دەسسىگەنلەر

جەڭ مەيدانىدىن كەلگەن زور تۈركۈمدىكى تارقاقلاشتۇرۇلغان ئاھالە بولدى. تارقاقلاشتۇرۇلغان ئاھالىنىڭ نۇرغۇنى تارقىلىشچان كېسەل تۈپەيلىدىن ئۆلۈپ كەتتى. 1914 - يىلى 9 - ئايدا روسىيىنىڭ گالىسىيىدىكى غەلىبىسىگە ئەگىشىپ، ئاۋىستىرىيە - ۋېنگىرىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ قوشۇنىدىن ئەسىر ئېلىنغان 225 مىڭ كىشى يايلاق رايونى ۋە تۈركىستاندىكى يىغىلىش لاگېرىغا ئەۋەتىلدى. خەلقئارا قىزىل كىرېست جەمئىيىتىنىڭ خىزمەتچى خادىملىرى ئۇلارنى بىر ئامال قىلىپ سىبىرىيىدىكى يىغىۋېلىش لاگېرىغا يۆتكەشتىن ئىلگىرى تەخمىنەن 40 مىڭ ئەسىر كېسەللىك ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىڭ بەكلا كەمچىللىكى سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كەتتى.

1916 - يىلىغا كەلگەندە، ھەربىي ۋەزىيەتنىڭ يامانلىششى ۋە ئادەم كۈچى يېتىشمەسلىك ئەھۋالىنىڭ ئېغىرلاپ كېتىشى روسىيە ھۆكۈمىتىنى ئۆزۈندىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان يەرلىكلەرنىڭ ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتىمەسلىك تۈزۈمىنى ئەستايىدىل ئويلىنىپ كۆرۈشكە مەجبۇر قىلدى. 6 - ئايدا تارقىتىلغان ئىمپېراتور بۇيرۇقىدا ئوتتۇرا ئاسىيا، سىبىرىيە ۋە كاۋكازىيىنىڭ قىسمەن جايلىرىدىكى ئەر گىراژدانلارنىڭ ئارقا سەپ مۇداپىئە قۇرۇلۇشىغا قاتنىششى بەلگىلەندى. بۇ بىر ئۈمىدسىز تەسەۋۋۇر بولغانلىقى، يەنە كېلىپ ھېچقانداق چۈشەنچە بېرىلمەستىنلا تېزدىن ئىجرا قىلىنغانلىقى ئۈچۈن سەپەرۋەرلىك پەرمانى بىر مەيدان ئىسيان ۋە مالىمانچىلىق دولقۇنىغا سەۋەب بولدى. يەتتىسۇ رايونىدا قازاق ۋە قىرغىزلار 3000 دىن كۆپرەك رۇس دېھقانىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. ھەممە ياققا يېيىلىۋاتقان قوزغىلاڭ ۋەزىيىتىدىن ئالاقزادىلىككە چۈشكەن رۇسلار ئارقىغا بۇرۇلۇپ زور كۆلەملىك قىرغىنچىلىققا كىرىشىپ كەتتى. مۆلچەرلىنىشچە، مۇشۇ قېتىملىق قىساس ئېلىشتا يەرلىك ئاھالىدىن 200 مىڭ كىشى قىرىپ تاشلاندى. نۇرغۇن كىشى (تەخمىنەن 200 مىڭ دەپ مۆلچەرلىنىدۇ) دۆلەت چېگرىسىدىن ھالقىپ جۇڭگو ئوتتۇرا ئاسىياسىغا قېچىپ كىردى.

بۇ خىل ۋەزىيەتنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن گېنېرال كۇروپاتكىن بىر پېشقەدەم جەڭچى ۋە تۈركىستاننىڭ مەمۇرىي ئەمەلدارى بولۇش سۈپىتى بىلەن تۈركىستاننىڭ گېنېرال گوبېرناتورلۇقىغا ئەۋەتىلدى. كۆچمەنلەرنى ۋە يەرلىك ئاھالىنى قوغداش ئۈچۈن ئۇ قاتتىق تەدبىر قوللىنىپ، داۋالغۇپ تۇرغان تىنچلىقنى بەرپا قىلىپ چىقتى. 1917 - يىلى 2 - ئايدا چار پادىشاھ تەختتىن چۈشتى. تۈركىستاننىڭ بارلىق شەھەر - بازارلىرىدا سوۋېت ھاكىمىيىتى قۇرۇلۇپ، رۇسىيە ھاكىمىيىتىنىڭ ۋاكالەتچىلىرىنىڭ پاراكەندىچىلىكى باشلاندى. ۋار - ۋۇر قىلىپ جار سېلىۋاتقان سولچىلار گۇرۇھى تېخىمۇ ئۇزۇل- كېسىل بولغان ئىنقىلابنى تەلەپ قىلدى. ئۇلار تەلەپ قىلغان ئىنقىلاب بۇرژۇئازىيەسىنىپى ھۆكۈمرانلىقىدىكى ھۆكۈمەتنى ئەمەس ئەمگەكچى ئىشچىلار ھۆكۈمرانلىقىدىكى ھۆكۈمەتنى ئېلىپ كېلىدىغان ئىنقىلاب ئىدى. قانۇنلۇق ھۆكۈمەت كاتتىۋېشى بولۇش سۈپىتى بىلەن كۇروپاتكىن ئۆز كونتروللۇقىنى كۈچىنىڭ يېتىشىچە ساقلاپ قالدى. بىراق، تۆت ھەپتىدىن كېيىن ئۇ سوۋېت ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ پېتىربورگقا يالاپ ئەپكېتىلدى. كېيىنچە روسىيىنىڭ باشقا رايونلىرىغا ئوخشاشلا ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئورگانلىرى قولىدىكى ھوقۇقلىرىدىن تەدرىجىي ئايرىلىپ قالدى. بولشېۋىكلار سوۋېت ھاكىمىيىتىنى كونترول قىلدى. 10 - ئاينىڭ 31 - كۈنى بولشېۋىكلار ئارمىيىسى تاشكەنتنى ھۇجۇم بىلەن ئالدى. 1917 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا يېڭى ھاكىمىيەت پۈتكۈل تۈركىستاننى كونترول قىلىپ بولدى.

1992 -يىلى شائخەي سودا نەشرىياتى نەشر قىلغان «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى تېزىسلىرى» ناملىق كىتابتىن تەرجىمە قىلىندى.

تەرجىمە قىلغۇچى: قۇربان تۇران
تەرجىمە مۇھەررىرى: ئابلىز ئورخۇن

www.uyghurkitap.com

# مىلدرېد كابلىنىڭ قۇمۇلغا ساياھىتى

سۇي يەنخۇ

ئەنگلىيىلىك ئايال مىسسىئونېر مىلدرېد كابلى 15 يىل ئىچىدە قۇمۇلغا كۆپ قېتىم كەلگەن. ئۇ بىرىنچى قېتىم ئىككى ھەمراھى بىلەن دۇنخۇاڭنى ئېكسكۇرسىيە قىلغاندىن كېيىن، ئەنشىگە كېلىپ، بىر كىچىك مېھمانخانىدا بىر نەچچە كۈن دەم ئالىدۇ، ئاندىن بىر ئات ھارۋىسىنى كىرا قىلىپ، چۆللۈكنى كېزىپ شىنجاڭغا كېلىشكە تەييارلىق قىلىدۇ. ھارۋىكەش سۇلىخېدىن كەلگەن يىگىت بولۇپ، ئۇ يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى كابلىغا سەپەرگە لازىملىق ئۇن، گۈرۈچ، تېرىق، قۇرۇق لازا ۋە ھەرخىل تۇزلۇق سەيلەرنى تەييارلاپ بېرىدۇ. يەنە ئۇ ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۆزىنىڭ ئېتى ئۈچۈن بىر چوڭ تاغارغا ئوت - چۆپ ۋە دورىلارنىمۇ تەييارلايدۇ، كابلى ئۇنىڭدىن نېمىشقا بۇ ئوت - چۆپ، دورىلارنى ئېلىۋالىسەن، دەپ سورىغاندا ئۇ ئارقىغا بۇرۇلۇپ كابلىغا قاراپ قويۇپ: — «سەن بىلمەيسەن، چۆللۈكتە كۈنلىرىمىز جاپالىق ئۆتۈشى مۇمكىن، سۇيىمۇ ئوخشىمايدۇ. بەزىلىرى ئاچچىق، بەزىلىرى بەك سوغاق بولۇپ، سۇ ئالماشقاندا ھايۋانغا بىر ئاز ئوت بىلەن دورىنى ئارىلاشتۇرۇپ بېرىش كېرەك، بىز چوڭ باياۋان چۆللۈككە كىرگەندىن كېيىن، 20 نەچچە كۈن ماڭىمىز، مۇشۇنداق يەرلىك ئۇسۇللىرىمىزغا تايانمىساق، چۆللۈكتىن مېڭىپ چىقىپ كېتەلمەيمىز» دەيدۇ.

### چۆل - باياۋانغا سەپەر

ئەنشىدىن چىقىپ، كابلى ئۇنىڭغا چەكسىز تەسەۋۋۇر ئاتا قىلغان كەڭ زېمىندىن پەقەت كۆز ئۈزەلمەيدۇ. يىراقتا چەكسىز چۆل - باياۋان، ئاياغ ئاستىدا تاش - شېغىل ساھىلى، بېشىدا ئوتتەك قۇياش . . . بۇلار ئۇنى تولىمۇ ھاياجانلاندۇرىدۇ. ھايات بۇ جايدا باشقىچە ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. ئاجىز ۋە جانسىز چۆل ئۆسۈملۈكلىرى ئاندا - مۇندا كۆزگە چېلىقاتتى، ئۇلار خۇددى ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئەھمىيىتىنى بىلىدىغاندەك كۆرۈنەتتى، كەچتە ئەمدىلا سالقىن چۈشكەن چۆللۈكتە ئولتۇرۇپ، كۆكتىكى يۇلتۇزلارنىڭ ئاجايىپ يورۇقلۇقىنى، سانىنىڭ ھەددىدىن زىيادە كۆپلىكىنى، يەنە كېلىپ بۇ «ئىنجىل» دىكى ئاللانىڭ چوڭ زېمىن، يۇلتۇزلارنى يارىتىش جەريانى ھەققىدىكى تەسۋىرلەرنى يادىغا ئېلىپ، يۇلتۇزلار كۆچۈپ قۇتۇپنىڭ ئايلىنىشى، ئادەم دېگەننىڭ كىچىككىنە ئەرزىمەس نەرسە ئىكەنلىكى ۋە ئۆز بۇرچىنىڭ جىددىيلىكىنى ھېس قىلىدۇ.

كابلى يول بويى تەبىئەتتىن تەسىرات ئېلىپلا قالماستىن، بەلكى كەڭ چۆل - باياۋاندا سەپەر قىلىشنىڭ تەمىنى تېتىيدۇ. ئۇ چۆل - باياۋانلاردا ئادەملەرنىڭ ئۆز ئارا تاسادىپىي ئۇچرىشىشى ئادەتتىن تاشقىرى قەدىرلىك بولىدىغانلىقىنى دەسلەپكى قەدەمدە چۈشىنىدۇ، ھەر تەرەپتىن كەلگەن كارۋانلار ئۇچراشقان چاغدا، ئۆز ئارا گەپ سوراشلىرى ئالاھىدە مەنىلىك بولۇپ، ئومۇمەن: — «سىلەر قەيەردىن كەلدىڭلار؟»، «قەيەرگە بارىسىلەر؟» دەپ سورىشىدۇ. «قەيەر» دېگەن سۆز ھەرگىز يۇقىرىقى ئۆتەڭنى ياكى يېتىپ بارماقچى بولغان تۆۋەنكى چۈشكۈننى كۆرسەتمەيدۇ، بەلكى ئەڭ باشتا يولغا چىققان يۇرتنى ۋە بارماقچى بولغان ئەڭ ئاخىرقى شەھەرنى كۆرسىتىدۇ. ئارا يۇلتۇزدىن ئايرىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي كابلى سەپەرداشلىرى بىلەن بىر ئۇزۇن كارۋانغا ئۇچرايدۇ. تۆگە كارۋىنىدا يۈك باسقان ئات ھارۋا ۋە كابلىلارنىڭكىگە ئوخشاش ئات ھارۋىلارمۇ بار ئىدى. تۆگىلەرگە ھەرخىل يۈكلەر ئارتىلغان، ھارۋىلارغا لىقمۇ لىق يۈك بېسىلغان يىراقتىن كەلگەن كارۋانلار ئىدى. كارۋانلاردىن ئاۋۋال كابلىنىڭ ھارۋىكىشى ۋارقىراپ: «سىلەر

قەيەردىن كەلدىڭلار!؟» دەپ سورايدۇ. ئۇ: «قەشقەردىن كېلىۋاتىمىز» دەپ جاۋاب بېرىدۇ، ئۇنىڭ ئاۋازىنى چۆل شامىلى ئۇچۇرۇپ كېلىدۇ، كابىلنىڭ هارۋىكىشى ئارقىغا بۇرۇلۇپ كابىلغا ئۇنىڭ جاۋابىنى پەس ئاۋازدا يەتكۈزىدۇ ۋە قەشقەردىن ئۇلار بۇ يەرگە ئۈچ ئايدا كېلەلەيدۇ، دەيدۇ. ئاندىن كېيىن ئۇ يەنە كېكىرتىكىنى قىرىپ: «هەي! نەگە بارىسىلەر؟!» دەپ ۋارقىراپ سورايدۇ. ئۆتۈپ كېتىۋاتقان كارۋان ئىچىدىن بىرسى ۋارقىراپ: «بىز لوياڭغا بارىمىز!» دەپ جاۋاب بېرىدۇ، هارۋىكەش يەنە كابىلغا چۈشەندۈرىدۇ، كابىلى دەرهال ئۇلار بارماقچى بولغان مۇساپىنى هېسابلاپ چىقىپ، لوياڭ جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى مۇهىم شەهىرى ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ، هارۋا بىلەن ئىككى ئايدا يېتىپ بارغىلى بولىدىكەن، قەشقەردىن لوياڭغىچە ئاز دېگەندە بەش ئاي ۋاقىت كېتىدىكەن، بۇ ئادەملەر مانا شۇنداق بىرقەدەم - بىرقەدەم مېڭىپ، 10 مىڭ چاقىرىم يولغا يېقىن مۇساپىنى تاماملايدىكەن. . . دېگەنلەرنى ئويلاپ، ئارقىغا بۇرۇلۇپ، يىراقلاپ كېتىۋاتقان كارۋانلارغا قارايدۇ. ئۇنىڭ قەلبى بىر خىل هۆرمەت هېسسىياتىغا تولغان هالدا، يوهان باميان «ساما يولى مۇساپىسى» ناملىق رومانىدا تەسۋىرلىگەن بىر ئابزاسنى خىيالىغا كەلتۈرىدۇ: - خرىستىئانلار مەيلى قەيەرگە بارمىسۇن، ئۇچراشقان كىشىلەردىن ئورتاق بىرلا سوئالنى سورايدۇ: «سەن نەدىن كەلدىڭ، نەگە بارىسەن؟» خرىستىئانىنىڭ جاۋابىمۇ ئەزەلدىن بىر خىل: «مەن دوزاق شەهىرىدىن كەلدىم، بېهىش شەهىرىگە بارىمەن» دېگەندىن ئىبارەت. كابىلى: خرىستىئان دىنىنىڭ بارلىق هەقىقىتى مۇشۇ بىر جۈملە سۆزدە بولۇپ، خرىستىئان مۇرىتلىرى بىر باشلىنىش نۇقتىسىدىن چىقىپ ئەڭ ئاخىرىدا بىر ئاخىرلىشىش نۇقتىسىغا يېتىپ بارىدۇ، يول ئۈستىدە ئۇچرىغان ئۆتەڭلەر پەقەت بىر تاسادىپىيلىقتىن ئىبارەت. ئەنە شۇ XX ئەسىرنىڭ بۈگۈنكى كۈنلىرىدە، بۇ چەكسىز باياۋاندا، كارۋان يىگىتلەرنىڭ سوئال - جاۋابلىرىدىن ئوخشاشلا بىر مەنىلىك چۈشەنچە هاسىل قىلىدۇ: — نىشانىنى بەلگىلەپ، نىشانغا چوقۇم يېتىش كېرەك، يول بويى بېسىپ ئۆتكەن مەيلى تۈزلەڭلىك، بوستانلىق، تاغ تىزمىلىرى بولسۇن، يەنە هەرخىل كىچىك بازارلار هەتتا چوڭ شەهەرلەر بولسۇن، ئۇلارنىڭ بارلىقى پەقەت بۇ مۇساپىدىكى تاسادىپىيلىق بولۇپ، بۇلار باشلىنىش نۇقتىسىدىن ئاخىرلىشىش نۇقتىسىغا يېتىپ بارغىچە تاسادىپىي ئۇچرايدىغان نەرسىلەر خالاس. . . كابىلى شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ ئۆزىنىڭ چۆل - باياۋانغا بولغان تەلپۈنۈشىنىڭ، ئۆز هاياتىدىكى بىر مەنزىل — «ساما يولى مۇساپىسى» بولۇپ قالىدىغانلىقىنى چۈشىنىدۇ، چۈنكى ئۇ خرىستىئان مۇخلىسىغا خاس روهى تىلەك بىلەن، چۆلدىكى مۈشكۈل سەپەردىن يۈكسەكلىككە ئېرىشكەنىدى.

## قۇمۇل بوستانلىقىغا يېتىپ كېلىش

20 كۈندىن ئارتۇق يول يۈرگەندىن كېيىن، بىپايان چۆللۈك ئاستا - ئاستا ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا قالىدۇ، ناهايىتى يىراقتا بىر نەچچە تۈپ دەرەخ ۋە ئارىلىقى بەك يىراق يالغۇز كېسەك تام ئۆيلەر كۆرۈنۈشكە باشلايدۇ، ئاندىن تۇتاش كەتكەن بوستانلىق، ئاق تېرەك، قارىياغاچلارنىڭ سايىسىدىكى قاتار - قاتار تويپا رەڭ دېهقان ئۆيلىرى كۆرۈنىدۇ. هەممە يەرنى قاپلىغان ئېتىزلار، يېشىللىق چۆللۈكنىڭ كۈلرەڭ ئورنىنى ئالغانىدى. كابىللار قۇمۇلغا كەلگەن چاغ باش كەچكۈز مەزگىلى بولۇپ، ئېتىزلاردا مول هوسۇلنىڭ ئالتۇن رەڭلىك مەنزىرىسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. هارۋىكەش بېشىنى كەينىگە بۇراپ خۇشال هالدا: «قۇمۇلغا يېتىپ كەلدۇق!» دەپ ۋارقىرايدۇ. هارۋىنى سۆرەپ كېلىۋاتقان ئاتلارمۇ تەسىرلەنگەندەك، بۇرۇنقى كۈنلەردىكى هارغىن بىچارە قىياپەتلىرىنى يوقىتىپ، قەدىمىنى تېزلىتىدۇ.

كابىلى قۇمۇلنىڭ ئۆز تەسەۋۋۇرىدىكىدەك شەهەر تۈزۈلۈشىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا شەهەر، بازارلىرىنىڭ تىپىك شەكلىگە ئوخشايدىغانلىقىنى؛ كىشىلەر ئۆزىنىڭ مىللىي، دىنىي ۋە تۇرمۇش ئادەتلىرىگە ئاساسەن بىر يەرگە ئولتۇراقلاشقانلىقىنى، ئوخشاشمىغان مىللەتلەرنىڭ ئۆز مىللىي تەۋەلىكى بويىچە ئوخشاشمىغان رايونلارغا ئورۇنلاشقانلىقىنى،

www.uyghurkitap.com

ئۆز ئارا دەخلى قىلىشمايدىغانلىقىنى كۆرىدۇ.

ھۆكۈمەتنىڭ ئىش بېجىرىش ئورنى تۆت ئەتراپى سېپىل بىلەن قورشالغان كىچىك شەھەر ئىچىدە بولۇپ، ئەمەلدارلىرى جۇڭگونىڭ ئەنئەنىسى بويىچە بازارلارنى باشقۇرىدىكەن. بۇ شەھەرنىڭ تەخمىنەن ئىككى كىلومېتىر نېرىسىدا ئۇيغۇر ۋاڭ ئوردىسى بولۇپ، بۇ كۆپ قەۋەتلىك، قىياپىتى ئۆزگىچە ئىمارەتلەر توپلىرىدىن ئىبارەت ئىكەن. كابلى ئەڭ ئاۋۋال بۇ ئىمارەتلەرنىڭ تەرتىپى بىردەك بولمىغان دېرىزە شەكىللىرىگە دىققەت قىلىدۇ. بۇلار ئۇنىڭغا ئىنتايىن يېقىملىق تۇيۇلىدۇ، ئۇيغۇر ۋاڭ ئوردىسىدىكى كەڭ - كۇشادە، يوروق قوبۇلخانىسى ۋە پوسۇنى بىر بىرىدىن پەرقلىنىدىغان خانىلار بىلەن ئەتراپىدىكى پاكار كېسەك تاملىق ئۆيلەر ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى روشەن سېلىشتۇرما ھاسىل بولغانىدى.

كابلى كېسەك تاملىق ئۆيلەرگە كىرىپ، كىشىلەرنىڭ تورمۇشىنى كۆزىتىدۇ، ئۇلار كابلىغا ئۆزلىرىنىڭ ئۇيغۇر ۋاڭ ئوردىسىنىڭ خىزمەتچىلىرى ئىكەنلىكىنى، ھەممىسىنىڭ ئېنىق ئىش تەقسىماتى بولۇپ، ئۆز كەسپلىرى بويىچە ۋاڭ ئوردىسىغا خىزمەت قىلىدىغانلىقلىرىنى دەپ بېرىدۇ، بۇ ئۆيلەرنىڭ ئارىلىقىدا بىر ئاز بوش يەر بولۇپ، ئۇششاق باللار بۇ جايغا يىغىلىپ توپ - توپ بولۇپ ھەرخىل ئويۇنلارنى ئويناپ، ۋارقىراپ - جارقىراپ قۇلاقنى يەيدىكەن. ۋاڭ ئوردىسىدىن ئانچە يىراق بولمىغان جايدا بىر بازار بولۇپ، بازاردىكى ئېلىپ - ساتارلارنىڭ ئاۋازلىرى بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر پەسىيىپ ئۈزۈلمەيدىكەن. ئۇيغۇر، خەنزۇ، تۇڭگان سودىگەرلەر، ھەر قايسىسى بىر پارچە جاينى ئىگىلەپ، ھەر خىل ماللىرىنى دۆۋە قىلىپ قاتمۇ قات رەتلەپ قويىدىكەن. كابلى ئوتتۇرا ئاسىيا پۇرىقىنى ئالغان بۇ مال بازىرىنى سەيلە قىلىپ مېھرىنى ئۈزەلمىگەن ھالدا قايتىدۇ. بىر ھادىسە كابلىنىڭ دىققىتىنى قوزغايدۇ، ئۇ بولسىمۇ بۇ يەر گەرچە ئۇيغۇر ۋاڭ ئوردىسىنىڭ مەركىزى بولسىمۇ، لېكىن ھەقىقىي بازار تىجارىتى قىلىدىغانلار تۇڭگان سودىگەرلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ بۇ يەردە خېلى زور ئىناۋەتكە ئىگە ئىكەنلىكى ئىدى. بازارنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى چوڭ ئاشخانىلار ناھايىتى كۆركەم بولۇپ كۆپىنچىسىنى تۇڭگانلار ئاچقانىكەن.

بازاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كىيگەن كىيىملىرىدىن ئۇلارنىڭ ئورنىنىڭ ۋە بايلىقىنىڭ پەرقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى، پۇلدار بايلارنىڭ كۆپچىلىكى يېپەك يولىنىڭ جەنۇبىدىكى قەشقەر، ئاتۇش ۋە ئاقسۇدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ سودا ماللىرىمۇ شۇ جايلاردىن كېلىدىكەن. كەمبەغەلرەك ئۇيغۇر سودىگەرلىرى بولسا يەرلىك تۇرپان، قومۇللۇقلار بولۇپ، ئۇلار ئاساسلىقى يەرلىك چوڭ سودىگەرلەرنىڭ يۈكىنى توشۇپ، سودا ماللىرىنى تەقسىم قىلىپ ساقلاپ بېرىدىكەن. باي سودىگەرلەر، رەڭگارەڭ چاقناپ، كۆزنى قاماشتۇرۇپ، كىشىنى جەلپ قىلىدىغان سودا ماللىرىنى سۇپىلىرىغا يېيىپ قويۇپ، گىلەم ئۈستىدە پۇتلىرىنى ئالماپ ئولتۇرۇپ ناس چېكىدىكەن. «ناس» چىرايلىق كىچىك قاپاقچا قاچىلىنىپ، بەلۋاغقا ئېسىۋېلىنىدىكەن. بازاردىكى خەنزۇ سودىگەرلەر ئاساسەن سەرراپخانا خوجايىنلىرى، گۆرۈخانا خوجايىنلىرى، دوراخانا خوجايىنلىرى، يەنە بەزى ئاشپەزلەر، كۆكتات ساتقۇچىلاردىن ئىبارەت ئىكەن. ئايرىم نەچچە ئائىلىلىك باي، چىرايلىق زىبۇ زىننەت بۇيۇم دۇكانلىرىنى ئاچقانىكەن، كابلى بۇ يەردە سېتىلىدىغان نۇرغۇن نەرسىلەرنىڭ بېيجىڭدىن كەلگەنلىكىنى كۆرىدۇ.

## ۋاڭ ئوردىسىدا مېھمان بولۇش

ئۇلار بىرىنچى قېتىم قومۇلغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، بىر كىچىك مېھمانخانىغا چۈشىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي ئوردىنىڭ ئايال غوجىدارى (ئاغچا ئاپپاق - ت) بۇ مېھمانخانىغا كېلىپ، ئۇلارنى ۋاڭ ئوردىسىغا بېرىپ مېھمان بولۇشقا تەكلىپ قىلىدۇ، بۇ ئايال غوجىدارنىڭ بويى ناھايىتى ئېگىز بولۇپ، ياشىنىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن كېلىشكەن، سالاپەتلىك، قاۋۇل ئىكەن. ئىككى تال ئۇزۇن بوز چېچى تىزىدىن تۆۋەن چۈشۈپ تۇرىدىكەن، كوچىدىكى كىشىلەر ۋە ئوردىدىكى خىزمەتچىلەر ئۇنى كۆرسە بەك ھۆرمەت قىلىدىكەن. ئايال غوجىدار كابلىنى ھەمراھلىرى بىلەن بىللە ئاۋۋال ۋاڭنىڭ ئەڭ ئامراق ئايالىنىڭ قېشىغا ئېلىپ كىرىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن قىسقىچە

سالاملاشقاندىن كېيىن، ئۇلارنى ۋاڭنىڭ باشقا بىر خوتۇنىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ باردۇ. شۇنداق قىلىپ يەنە قانچە ئايال ساھىبخانىنىڭ ئۆيىگە بارغانلىقىنى كابلى ئۆزىمۇ بىلەلمەي قالدۇ، لېكىن ئۇ ۋاڭنىڭ ئاياللىرىنىڭ ھوجرىلىرىغا قويۇلغان بىسات - سەرەمجانلارنىڭ ئومۇمەن ئوخشاش ئىكەنلىكىگە دىققەت قىلدۇ، ھەممىسى خوتەندىن كەلتۈرۈلگەن يىپەك گىلەم، ياقۇت كۆزلۈك، ئالتۇن گۈللەر بىلەن نەقىشلەنگەن ساندۇقلار، گۈل كەشتىلىك گىلەملەر.

. . پاكار سۇپىغا چوڭ - كىچىكلىكى ئوخشاش شىرەلەر قويۇلغان بولۇپ، ئايال ساھىبخان شىرەنىڭ قېشىدا ئولتۇرىدىكەن، ئۇنىڭ كەينىدە دېدەكلەر تىك تۇرىدىكەن. مېھمانلار ئۇچۇن شىرەگە ئۆرۈك، قۇرۇق مېۋە، قەنت - گېزەك، ئۈزۈم، قوغۇن، ئالما قاتارلىق يېمەكلىكلەرنى تولدۇرۇپ تىزىۋېتىپتۇ، كابلى ئۇلارنىڭ ئادىتى بويىچە پۇتلىرىنى ئالماشتۇرۇپ (باداشقان قۇرۇپ - ت) گىلەم ئۈستىدە ئولتۇردۇ، كۈتكۈچىلەر ھۆرمەت بىلەن تۇتقان چاي چىنىلىرىنى قولىغا ئېلىپ چاي ئىچكەچ، ئايال ساھىبخان ئۆز قولى بىلەن سۇندۇرۇپ بەرگەن توقاچنى يەيدۇ. كابلى دەرھال شۇنىڭغا دىققەت قىلدىكى، ۋاڭ ئوردىسىدىكى ئايال ساھىبخانىنىڭ بۇ چېيى بىلەن ئۇلار قۇمۇلغا كېلىپ باشقا يەرلەردە ئىچكەن چايلار ئوخشىمايتتى. چاي يۈزىدە بىر قەۋەت ئاقچاي گۈللىرى لەيلەپ خۇش پۇراق چېچىپ تۇرىدىكەن. بىردەمدىن كېيىن زىياپەت تائاملىرى — ھەرخىل توقاچ - نانلار، ياغدا پىشۇرۇلغان ھەرخىل شېكەر توقاچلار، پولو، يەنە كابىللار باشقا جايدا كۆرۈپ باقمىغان يېمەكلىكلەر كەلتۈرۈلدۇ.

ئۇلار شاھ مەخسۇت ۋاڭنى كۆرەلمىگەن، چۈنكى ئۇ چاغدا ۋاڭ كېسەل بولۇپ ئاجىزلاپ قالغان. لېكىن ۋاڭنىڭ كابلىنى كۈتۈۋېلىشقا سەممىي كۆڭۈل بۆلگەنلىكى ئۇلاردا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان.

كېيىن كابلى يەنە قۇمۇلغا كەلگەن. قۇمۇل ۋاڭنىڭ كېسىلى يەنىلا ياخشى بولۇپ كەتمىگەنىدى. لېكىن ئوردا ئەمەلدارلىرى كابلىنى ئوردىغا تەكلىپ قىلىپ مېھمان قىلغان. شۇ چاغدا كىشىلەر

ئارىسىدا: — ۋاڭنىڭ لۈكچۈندە تۇرۇۋاتقان ئوغلى ئەقلى - ھۇشىنى يوقىتىپ پالەچ بولۇپ قاپتۇ، لۈكچۈن ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ئەڭ ئۈستىدىكى ئۆيلەردە كۈتۈنۈۋېتىپتۇ دېگەن گەپلەر تارقالغان. لۈكچۈننىڭ ئادەتتىكى پۇقرالىرىمۇ بەزىدە بۇ «بەگزادە» نىڭ ئوردىنىڭ پېشايۋانىدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرغان، لېكىن ئۇنىڭ ئەتراپىدا ھامان قول ئاستىدىكى بىر توپ ئادىمى تىك تۇرىدىكەن. ئوردىنىڭ ئىشلىرىنى قول ئاستىدىكى ياردەمچىلىرى بىر تەرەپ قىلىدىكەن. كابلى شۇنى ئېنىق ھېس قىلدىكى، بۇ ئۇيغۇر پۇقرالىرى ۋاڭ ۋە ئۇنىڭ ئوغلىنى ھەيران قالغۇدەك دەرىجىدە ھۆرمەتلەيدىكەن. شۇنداق بولغانلىقتىن، ۋاڭنىڭ ئوغلى دەلدۈش بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ئۇ لۈكچۈندە مەۋجۇتلا بولۇپ تۇرىدىكەن، كىشىلەرنىڭ ئۇيغۇر ۋاڭغا بولغان ساداقەتمەنلىكى ساقلىنىپ تۇرىۋېرىدىكەن.

يەرلىك خەلق كابلىغا بىر مۇنچە ئەھۋاللارنى ئېيتىپ بەرگەن: قۇمۇل ۋاڭى ياش ۋاقتىلىرىدا ئالتە يىلدا بىر قېتىم بېيجىڭغا بېرىپ، مانجۇ خاندانلىقىنىڭ خانىنى تاۋاپ قىلاتتى، شۇنداقلا بېيجىڭدا 40 كۈن تۇرۇپ، پادىشاھقا ساداقىتىنى بىلدۈرەتتى. قۇمۇل ۋاڭى ھەر يىلى چىڭ ئوردىسىغا سوۋغا تەقدىم قىلاتتى، ئەڭ ئېسىل سوۋغا قۇمۇل قوغۇنى ئىدى. قۇمۇل قوغۇنى پۇراقلىق، تاتلىق بولۇپ، ساقلىغىلى، بېيجىڭغا ئېلىپ بارغىلىمۇ بولىدۇ. . . ئەينى يىللاردىكى قۇمۇللۇقلار بىرقانچە يىللار بۇرۇن بېيجىڭدا تارقالغان بىر جۈملە قوشاقنى يادىدا ساقلاپ كەلگەن:

«شەرقىي دېڭىزنىڭ قىسقۇچ پاقىسى، غەربىي دېڭىزدىكى شىيا،

تەڭ بولالماس تۇرپان ئۈزۈمى بىلەن قۇمۇل قوغۇنىغا»

كابلى ھەمراھلىرى بىلەن قۇمۇل ۋاڭنىڭ ئوغلىنىڭ ئوردىسىدىمۇ ①مېھمان بولۇپ، ۋاڭ ئوردىسىدىكىگە ئوخشاش ئىززەت - ھۆرمەتلەرگە سازاۋەر بولغان. ۋاڭنىڭ نەۋرىسىنىڭ② ئەڭ ئامراق خوتۇنى ۋە باشقا خوتۇنلىرى بىلەن سۆھبەتلەشكەندە، ئۇلارنىڭ ئېرى ھوجرىغا كىرىپ قالدۇ، بۇ ياش

يىگىت كابلى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ بارلىق ئەھۋاللىرىغا قىزىقىدۇ، سورىغان مەسىلىلىرى كۆپ بولۇپ، كابلىنىڭ دىنى، ئۆرپ - ئادىتى قاتارلىقلارغىچە سورايدۇ، ۋاڭ نەۋرىسى ھوجرىغا كىرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئامراق خوتۇنىدىن باشقا، ھوجرىدىكى بارلىق ئاياللار ھەممە ئۇنىڭ باشقا ئاياللىرىنىڭ ھەممىسى ھوجرىدىن چىقىرىۋېتىلىدۇ، كابلى ھوجرىدىن چىقىپ كېتىۋاتقان ئاياللارنىڭ چىرايىدىكى خاپىغانلىق ئالامەتلىرىگە دىققەت قىلىدۇ. ھەم ۋاڭ نەۋرىسىنىڭ قىممەتلىك مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىش شان - شەرىپىنى ئامراق خوتۇنىغا مەنسۇپ قىلماقچى بولغانلىقىنى پەرەز قىلىدۇ. ۋاڭنىڭ نەۋرىسى ھوجرىدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ھېلىقى خۇشال - خۇرام بولالمىغان ئاياللار دەرھال ھوجرىغا قايتىپ كىرىپ، كابلىنى چۆرىدەپ پۈتۈن بىر كۈننى بىللە ئۆتكۈزىدۇ.

ۋاڭنىڭ كەڭ - كۇشادە مېھمانخانىسىدا، كابلى ئۆتمۈشتە كۆرۈپ باقمىغان، كەم ئۇچرايدىغان نۇرغۇن ئېسىل نەرسىلەرنى كۆرىدۇ. بۇ نەرسىلەر نەچچە ئەۋلاد قۇمۇل ۋاڭلىرىنىڭ چىڭ ئوردىسىغا سادىق خىزمەت قىلغانلىقىنىڭ دەلىل - ئىسپاتى بولۇپ، ۋاڭنىڭ چىڭ ئوردىسىنىڭ ئېتىبارىغا ۋە ئىلتىپاتىغا ئېرىشكەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرەتتى، ئۇنىڭ ئىچىدە كابلى ئالاھىدە قىزىققىنى چىڭ خاندانلىقى پادىشاھلىرىنىڭ بېغىشلىمىلىرى پۈتۈلگەن شەرەپ تاختىسى ئىدى. بۇ بېغىشلىمىلارنىڭ بىر پارچىسى سىشى تەيخۇنىڭ قولى بىلەن يېزىلغان، ئۇنىڭ ئەجەپلىنەرلىك يېرى شۇكى، بېغىشلىمىنىڭ خەتلىرى تەرتىپلىك، پاساھەتلىك بولۇپ، بۇ «پىشقەدەم بۇددىس» نىڭ ھەقىقەتەن خەتتاتلىق تالانتى بارلىقىنى كۆرسىتەتتى. مېھمانخانا زالىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ بولغاندىن كېيىن، كابلى ھەمراھلىرى بىلەن بىللە ئوردا باغچىسىغا باشلىنىدۇ. كابلى بۇ باغدا ھەيران قالارلىق نەرسىلەرنى كۆرىدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىنىڭ باغلىرىدا دائىم كۆرگىلى بولىدىغان مېۋىلىك باغلاردىن باشقا، بۇ يەردە بېيجىڭ خان جەمەتى باغچىسىدىكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بىر مەنزىرە بار ئىكەن: — بىر نىلۇپەر كۆلى بولۇپ، كۆلدە نىلۇپەر گۈللىرى ئېچىلىپتۇ، يوپۇرماقلىرىنى توپا - توزان باسقان بولسىمۇ، لېكىن ھەممىلا يېرىدە بېيجىڭ باغلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىكەن، بولۇپمۇ بىر نەچچە يەردىكى كىچىك كۆۋرۈكلەرنىڭ سۇغا چىلىشىپ تۇرغانلىقى، ئەگرى - توقاي چىغىر يوللارنىڭ ئۆزگىچىلىكى . . . قىزىقارلىق ئىدى. توز ئايلىنىپ مېڭىپ، گۆزەل قانات - قۇيرۇقلىرىنى پات - پات كەڭ يېيىپ، بىرخىل ھەيۋە بىلەن چىرايلىق ھۆسن-جامالىنى كۆرسىتەتتى. بۇ باغ بېيجىڭدىكى خان جەمەتى باغچىسىغا تەقلىد قىلىپ ياسالغانىكەن. ئۇنىڭ چۆللۈكتىكى بۇ بوستانلىقتا مۇنداق قويۇق خەنزۇچە تۇسكە ئىگە باغنى كۆرگەنلىكىگە زادىلا ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ، ئەمما ئەشۇ ئەگرى - توقاي تار كارىدورنىڭ ئىككى قاسنىقىدا ئېچىلغان گۈللەرنىڭ نۇرغۇن سورتلىرى بېيجىڭدىن كەلتۈرۈلگەن، جەنۇبىي جۇڭگو باغلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىگە ئىگە ھېلىقى تار يول ۋە ئەگمە كۆۋرۈكلەر بۆلەكچىلا چىرايلىق بولۇپ، كابلىنىڭ كۆز ئالدىدا جانلىق نامايان بولۇپ تۇراتتى.

## قۇمۇل ۋاڭىنىڭ يازلىق داچىسىغا بېرىش

قۇمۇلغا كېلىپ ئۈزۈن ئۆتمەيلا، كابلى ئاچا - سىڭىللىرى بىلەن بىللە كەمبەغەللەرنى خالىس داۋالاشنى باشلايدۇ. ئۇلار نۇرغۇن كېسەللەرنى قوبۇل قىلىپ، دىئاگنوز قويۇپ، داۋالاپ، دورا بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئۈزۈن ئۆتمەي ئۇلارنىڭ نامى شەھەرنىڭ ئىچى - تېشىغا تارقىلىپ، ئۇلارنى ئىزدەيدىغان كېسەللەر ئايىغى ئۈزۈلمەي كەلگىلى تۇرىدۇ، ئۇلار ئەنە شۇنداق كېچە - كۈندۈزلەپ خىزمەت قىلىدۇ.

كابلى يەنە بىر قېتىم قۇمۇلغا كەلگەندەۋاڭنىڭ كېسىلى تېخىمۇ ئېغىرلاپ قالغانىدى. ئۆتمۈشتە ھەيۋىسى سۈرلۈك بولغان «چۆل ۋاڭى» ئەمدى كۈندىلىك ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلالمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئوردا ھەر كۈنى يېڭى تېۋىپ تېپىپ كېلىپ ئۇنىڭ كېسىلىنى كۆرسىتىپ تۇرغان. لېكىن كابلىغا چۈشىنىكسىز بولغىنى شۇكى، ھېچكىم ئۇنى ۋاڭنىڭ كېسىلىنى كۆرۈپ قويۇشقا تەكلىپ قىلمىغان. تېۋىپلارنىڭ نېمە دېيىشىدىن

قەتئىينەزەر، ئوردا جاكارچىلىرى هامان — : ۋاڭنىڭ كېسىلى ئېغىر ئەمەس، چوڭ چاتاق يوق، ياشىنىپ قالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ كېسىلى تېزلا ساقىيىپ كېتىدۇ -، دېيىشەتتى.

كابلى يەنە بىرقېتىم قۇمۇلغا كەلگەندە، شۇ چاغدىكى قۇمۇلنىڭ سىياسىي ساھەسىدىكى نوپۇزلۇق شەخس يولبارس بىلەن تاسادىپىي تونۇشۇپ قالىدۇ. يولبارسنىڭ كابلى چۈشكەن سارايىنىڭ خوجايىنى بىلەن بىنورمال سودا مۇناسىۋىتى بولۇپ، دائىم سارايغا كېلىپ خوجايىن بىلەن مەخپىي سۆھبەتلىشىدىكەن. دەل ئاشۇ قۇمۇل ۋاڭنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ قالغان ئەنسىز زاماندا، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مەخپىي سۆھبەت تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتكەن. مەخپىي خانە ئىچىدە ياكى هويلىنىڭ خالىي جايلىرىدا ئۇلار ئۇزۇن سۆزلىشىدۇ. بەزىدە يولبارس كابلى تۇرغان ئۆيگە كېلىپ سالام قىلىشىپ قويىدۇ، بىر كۈنى كەچقۇرۇن كابلىلار ئەمدىلا تاماق يەپ بولۇپ تۇرۇشىغا يولبارس يەنە ئۆيگە كىرىپ كېلىدۇ. ئۇ بۇ ئۆيگە ئازراقمۇ شامال كىرمەيدىغانلىقىنى بايقاپ: «هازىر قۇمۇلنىڭ ئەڭ ئىسسىق پەسلى، سىلەر چىدىيالمايۋاتساڭلار كېرەك» دەيدۇ. كابلى راست ئىسسىقكەن، دەپ جاۋاب بېرىدۇ. يولبارس: «سىلەر تاغدىكى داچىغا چىقىپ هاردۇق ئالساڭلار بولىدۇ، مۇنداق ئىسسىق كۈنلەردە بۇ ئۆيلەردە كېسەل كۆرسەڭلەر ئالدىراش بولۇپ كېتىسىلەر» دەيدۇ. كابلى يولبارستىن: «ئۇنداقتا تاغقا قانداق چىققىلى بولىدۇ، قەيەردە تۇرىمىز؟» دەپ سورايدۇ. يولبارس «ئەگەر سىلەر تاغقا چىقىشنى خالىساڭلار مەن ئامالىنى قىلاي» دەيدۇ.

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن سارايىنىڭ خوجايىنى ۋاڭنىڭ بۇ يىل قۇمۇل شەھىرىدىن ئايرىلمايدىغانلىقىنى، ئەگەر كابلى خالىسا، ئۆزىنىڭ ئارتام باغدىكى داچىسىنى ئۇلارنىڭ ئىشلىتىشىگە بېرىشكە ماقۇل بولغانلىقى توغرىسىدىكى مەلۇماتنى ئېلىپ كېلىدۇ. كابلى هەمراهلىرى بىلەن بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلىدۇ. ئۈچ كۈندىن كېيىن يولبارس بىر مۇهاپىزەتچى ئەسكىرىنى ئەۋەتىپ ئۇلارنى يولغا سالىدۇ. ئۇلار ئات هارۋىسىغا ئولتۇرۇپ، ئەگرى - توقاي يېزا يوللىرىنى بويلاپ، شەرق تەرەپتىكى چوڭ تاغقا قاراپ ماڭىدۇ. كەچ بولغاندا ئۇلار بىر كەنتكە يېتىپ كېلىدۇ. ئۇ يەردە ئۇلارنى ئالدىن ساقلاپ تۇرغانلار ئۇلارغا تاماق، ئىسسىق چاي، ياتاق تەييارلاپ قويغانىكەن. ئەتىسى تاڭ يورۇمايلا، بۇ خەقلەر كابلىلارغا ئەتتىگەنلىك غىزا ۋە يولدا يەيدىغان ئوزۇق تەييارلاپ بېرىدۇ. بۇ كەنت قۇمۇل بوستانلىقىنىڭ بىر چېتى بولۇپ، بۇ كەنتتىن چىقسىلا تاش - شېغىللىق جاڭگالغا كىرىپ كېتىدىكەن. سەهەرنىڭ سالقىنىنى بىر دەمدىلا ئىسسىغان چۆل يۇتۇپ كېتىدۇ، چۆل خۇددى قۇياش چاچقان هارارەتنى پۈتۈنلەي يىغىۋالغاندەك، كەڭ زېمىن قىزىپ ئادەمنى چىدىغۇسىز قىلىۋېتىدۇ. ئەمما مۇهاپىزەتچى ئەسكەرلەر هېچ بىر ئىش بولمىغاندەك، قېلىن هەربىي كىيىملىرىگە ئورالغان هالدا مېڭىۋېرىدۇ، چۈشتىن كېيىن يىراقتىكى تاغ باغرىدا، بىر پارچە يېشىللىق ئوچۇق كۆرۈنىدۇ، مۇهاپىزەتچى ئەسكەرلەر مەغرۇرلانغان هالدا قامچىسىنى قېقىپ، ئالدى تەرەپنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، «قاراڭلار، ئەنە ئارتام دەرەخلىرى!» دەيدۇ. كابلىلارمۇ روهلىنىپ نىشانغا يېتىشكە ئاز قالغانلىقىنى بىلىدۇ. بىراق، ئۇ يېشىللىققا بىر نەچچە سائەت ۋاقىت سەرپ قىلىپ، قاراڭغۇ چۈشكەندە ئاندىن يېتىپ بارىدۇ. بۇ يەردىمۇ ئەتتىگەندىن بۇيان مېهمانلارنى ساقلاپ تۇرغان كىشىلەر بار بولۇپ، ئۇلار هارۋا يېتىپ كەلگەندە، بىر نەچچە ئەر كىشىنى هارۋىنى ئەكىرىشكە بۇيرۇيدۇ، ئۇلار ئاتنى توسۇپ ئاۋايلاپ هارۋىنى يېتىلەپ تار كۆۋرۈكتىن ئۆتكۈزۈپ، ئېرىق ياقىسىغا توختىتىدۇ. بەزىلەر «ۋاڭ غوجامنىڭ مېهمانلىرى كەلدى! ۋاڭ غوجامنىڭ مېهمانلىرى كەلدى!» دەپ ئۈنلۈك توۋلايدۇ. بەزىلەر بۇ خەۋەرنى بىۋاستە ئۆيمۇ ئۆيلەرگە تارقىتىدۇ. بىردەمدىلا بېشىغا لېچەك سالغان ئاياللار يۈگۈرۈشۈپ هارۋىنىڭ يېنىغا كېلىدۇ. هارۋا توختىغاندىن كېيىن بىر نەچچە كىشى مۇهاپىزەتچى ئەسكەردىن ۋاڭنىڭ كېسىلىنى سورايدۇ. مۇهاپىزەتچىلەر — ۋاڭ هازىر بىر ئاز

ياخشى بولۇپ قالدى، دەپ جاۋاب بېرىدۇ. كابلى توپلانغان ئادەملەرنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭ سۆزلەشكەنلە-رىنى ئاڭلاپ، ئۇلارنى ئۇزۇندىن بېرى ساقلاۋاتقان خۇش خەۋەرگە ئېرىشكەن ئوخشايدۇ، دەپ ئويلايدۇ.

قورۇقنىڭ ئادەملىرى مېھمانلارنى غوجىدارنىڭ ئۆيىگە باشلاپ كىرىدۇ. كابىللار ئۇلارنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى بويىچە ئاياغلىرىنى سېلىپ، پايپاق بىلەن كەڭ - كۇشادە گىلەم ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇرىدۇ، بۇرۇنلا تەييارلاپ قويۇلغان ياستۇقلارغا يۆلىنىدۇ. بىرسى شىرەنى ئېلىپ كىرىپ ئۈستىگە داستىخان سېلىپ، ھەرخىـــل ھۆل - قۇرۇق مېۋە ۋە نان قويىدۇ، يەنە تۇزلانغان مۇزدەك ئۇسسۇزلۇق قويىدۇ. كابلى ئەتراپىـــدىكـــى ئالدىراپ - تېنەپ يۈرگەن كۈتكۈچىلەرگە قاراپ قويىدۇ ھەم مۇھاپىزەتچىـــ ئەسكەرنىڭ قوينىدىن ئېھتىيات بىلەن، قارىماققا ناھايىتى مۇھىم بىر يارلىقنى ئېلىپ تامغا چاپلىماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ. بۇ ئەسلىدە ۋاڭ ئۆزى قول قويغان يارلىق بولۇپ: — يول ياقىسىدىكى كەنتلەر كابلى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى ياخشى كۈتۈۋالسۇن! بولۇپمۇ ھەربىر جايغا يېتىپ بارغاندا، يېڭى قوي گۆشى بىلەن تەمىنلەنسۇن! دېگەن مەزمۇندا ئىدى. كابلى كېيىن بۇ قۇمۇل ۋاڭىنىڭ ئارتامدىكى خەلققە چۈشۈرگەن ئەڭ ئاخىرقى يارلىقى بولۇپ قالغانلىقىنى بىلىدۇ.

ئەتىسى ئەتىگەن، كابلى ئۆيدىن چىقىپ، تۆت ئەتراپقا نەزەر تاشلاپ، پايپېشىل دەرەخلەر بىلەن ئورالغان بۇ قورۇقنى كۆلرەڭ چۆللۈكنىڭ قورشاپ تۇرغانلىقىنى، نەچچە ئېنگلىز مىلى نېرىدا يەنە بىر چوڭ باغنىڭ بارلىقىنى، باغنىڭ كەينىدە ئېگىز تاغ، تاغنىڭ تېگى قېنىق قىزىل گرانىت تاشلاردىن تەركىب تاپقانلىقىنى بايقايدۇ. ئەتراپتىكى نەۋكەرلەر كابلىغا: — ۋاڭ غوجام ھەر قايســـى يۇرتلارغا ساياھەتكە بارغاندا، ئۆزى ياخشى كۆرگەن ھەرخىل دەل - دەرەخ كۆچەتلىرىنى ئېلىپ كەلگەن، شۇڭا بۇ باغدا نۇرغۇن كەم ئۇچرايدىغان دەرەخلەر بار دەپ سۆزلەپ بېرىدۇ، ئارتام بوستانلىقىنىڭ مەركىزىدىن سۈيى سۈزۈك بىر ئۇلۇغ ئۆستەڭ ئېقىپ ئۆتىدىكەن. بۇ سۇ باغداش تېغىدىن شىددەت بىلەن گرانىت تاشلارغا ئۇرۇلۇپ - سوقۇلۇپ ئېقىپ كېلىدىكەن. شىددەتلىك بۇژغۇندىن چىققان شاۋقۇن ئاۋازلىرى بۇ جاينىـــڭ گۈزەل مەنزىرىسىگە ھاياتلىق مېلودىيىسىنى بەخش ئەتكەن ھەم ئۆتمۈشتىكى ۋاڭ ئەۋلادلىرىنىڭ بۇ يەردىكى داچىسىغا مىسلىسىز گۈزەللىك ئاتا قىلغانىدى. كابلى قۇمۇلدىكى چاغدىلا باشقىلارنىڭ ئارتام باغنىــــڭ ھەرخــــىل گۈزەل مەنزىرىلــــىرىنـــــى تەسۋىرلەپ بەرگەنلىكىنى ئاڭلىغان. ھازىر ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، بۇ يەرنىڭ مەنزىرىسى ھەقىـــقەتەن ئۆز تەسەۋۋۇرىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق ئىكەنلىكىنى بايقايدۇ. قورۇقنىڭ تاملىرى توققۇز خىل بولۇپ ھەربىر قورشاۋ تام ئارىلىقىدىكى مەنزىرىلەرمۇ بىر بىرىگە ئوخشىمايدىكەن. ياسىلىش شەكلى ئۆزگىچە تاملار ۋە سۇڭگۇچلەر؛ ئەگرى - توقاي تار كىچىك يوللارنىڭ ئىككى ياقىسىدا شاخلىرى گىرەلىشىپ كەتكەن بوك - باراقسان سايىۋەن دەرەخلەر بولۇپ، بۇ دەرەخلەرنىڭ سورتلىرىمۇ ئوخشىمايتتى. لېكىن ھەربىر توپ دەرەخ كىشىلەر تەرىپىـــدىن كۆڭۈل قويۇپ مۇۋاپىـــق ئورۇنغا ئورۇنلاشتۇرۇلغاندەك قىلاتتى، بەزى دەرەخلەرنىڭ مېۋىلىرى چاڭگال - چاڭگال ئوخشىغان، بەزى دەرەخلەرنىڭ گۈللىــرى كىمخاپتەك ئېچىلغان بولۇپ، بۇ — باغقا ئانچە يىراق بولمىغان چېتى يوق قاقاسلىــق بىـــلەن روشەن سېلىشتۇرما بولۇپ تۇراتتى. كابلــــى بۇ شېرىن مېۋىلەرنى يەنە - يەنە ئاغزىغا سېلىپ تېتىپ كۆرۈپ، — بۇ باغدىكى ھەممە نەرسىلەر ئادەمگە بىر خىل ئاراملىق، شۇنداقلا مەسخۇشلۇق بەخش ئېتىدىكەن — دېگەن ھېسسىياتقا كېلىدۇ. كابلى قانداقتۇر ئاللا قاچانقى ئىشلارنى ئويلىغاندەك ھەيرانلىق ھېسسىياتى بىلەن، بۇگۈن ئۆزىنى خۇددى «ئەيلىس ساياھەت خاتىرىسى» دە تەسۋىرلەنگەن تىلسىماتقا كىلىــپ قالغاندەك ھېس قىلىدۇ. كابلى بۇ قېتىمقى ساياھىتى توغرىسىدا يازغان كىتابىدا، 1891 - يىلى ستەيىننىڭ ئارتام باغقا كەلگەنلىكىنى، كېيىن ستەيىن يازغان كىتابىدا مەخسۇس ئارتام باغنى تەسۋىرلىگەنلىكىنى مۇنداق يازىدۇ: — «بىز بىر ئېنگلىز مىلىدىن كۆپرەك مېڭىپ، بىـــر قويۇق ئالمىــــلىـــق، نەشپۈتزارلىق ۋە ياڭاقزارلىققا يېتىپ كەلدۇق. ياڭاق

دەرەخلىرىنىڭ يوپۇرماقلىرى بىر ئاز سارغىيىپ قالغانىدى، . . . . . . يىراقتىكى ئىرلاندىيىدە باغ مۇتەخەسسىسلىرى مۇشۇنداق چىرايلىق گۈزەل مەنزىرىنى لايىھىلەشكە قادىر بولالمىغان، بىرەرمۇ باغۋەنچىلىك ئالىمى كۆچەت سورتلىرىنى مۇشۇنداق رەتلىك، كۆركەم ھالەتتە ماھىرلىق بىلەن ئورۇنلاشتۇرالىغان ئەمەس. مەن كېزىپ ئۆتكەن نىيە دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىدىكى ئورماندىن باشلاپ بۇگۇنگە قەدەر، ئۇ يەرلەردىكى مەنزىرىلەر مېنىڭ كۆزۈمنى بۇ يەرنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىدەك جەلپ قىلالىغان ئەمەس» .

ئارتام باغنىڭ ئارقىسىدا، بىر كىچىك يول بولۇپ، ئۇن نەچچە ئېنگلىز مىلى يىراقلىقتىكى بىر تاغقا تۇتىشىدىكەن. بۇ قۇمتاش يارداڭلىقتا بىر ئۆڭكۈر، ئۆڭكۈرنىڭ تېمىغا سىزىلغان تام رەسىملىرىنىڭ ئىزى، يەنە بىر نەچچە ۋەيران بولغان بۇت بار ئىكەن. ئەمما بۇتنىڭ كۆرۈنۈشى سۇرلۇك بولۇپ، ئۇسلۇبى دۇنخۇاڭ مىڭ ئۆيلىرىدىكى بۇددا رەسىملىرىنىڭ ئۇسلۇبىغا ناھايىتى ئوخشىشىپ كېتىدىكەن.

ئارتام قورۇقىدا تۇرغان نەچچە ھەپتە ئىچىدە، ھەر ئاخشىمى، بۇ يەرنىڭ ساھىپخانلىرى چىرايلىق جابدۇلغان كىگىز ئۆيلىرىدە كابلى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئۈچۈن زىياپەت ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ، بىر توپ چوكانلار ھەرخىل يېمەكلىكلەرنى پەتنۇسلارغا سېلىپ، ئارىلىقلاردىن ئىلدام مېڭىپ ئۆتۈپ، كىگىز ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدىكى شىرەنىڭ ئۈستىگە سېلىنغان داستىخانغا تىزىدۇ، ئاندىن كېيىن سىلىق - سىپايە يېنىك قەدەملىرى بىلەن كىگىز ئۆينىڭ ئىشىكىگە بېرىپ يېرىم يۇملاق شەكىلدە تىزىلىپ جىم تۇرىدۇ. يەنە بىرتوپ قىز كىگىز ئۆيگە كىرىپ نەغمىچىلەرنىڭ مۇزىكا - سازلىرىنىڭ ئاھاڭلىرىغا ئەگىشىپ ئۇسسۇلغا چۈشۈپ پەرۋاز قىلىدۇ. مۇزىكىچىلارنىڭ داپ ۋە غىجەكلىرى كابلىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىۋالىدۇ. ئۇ نېمىشقا بۇ ئىككى سازنىڭ تەڭكەش قىلىنىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. قىزغىن قاينام - تاشقىنلىق بىلەن ئەۋجىگە چىققان ناخشا - مۇزىكىلار، قىزلارنىڭ ئۇسسۇل قەدەملىرى، داپنىڭ ماس رېتىملىق چېلىنىشى، ئىنتايىن تەبىئىي مۇكەممەللىكى، كىشى كۆرۈپ ئۆلگۈرەلمەيدىغانلىقى مانا مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىنى كابلى ھەقىقەتەن ئاجايىپ ماھارەت دەپ ھېس قىلىدۇ.

كابلىلار ئارتام باغنى سەيلە قىلىپ قايتقاندا، قۇمۇل ۋاڭنىڭ ۋاپات بولغانلىق خەۋىرى كېلىدۇ. بىرنەچچە يىلدىن كېيىن كابلىلار يەنە بىر قېتىم قۇمۇلغا كېلىدۇ. ئۇلار يەرلىك خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن مۇنداق بىر گەپنى ئاڭلايدۇ:

— قۇمۇل ۋاڭ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئارتام باغقا ھېچكىم كۆڭۈل بۆلمەيدىغان، پەرۋىش قىلمايدىغان بوپتۇ، شۇنچە كاتتا گۈزەل باغ ئامالسىز خارابلىشىپ كەتكەن، شۇنداق بولۇپلا قالماستىن، داڭلىق قۇمۇل قوغۇنىنىڭ سۈپىتىمۇ كۇنسايىن چېكىنىپ كەتكەن. چۈنكى ئەمدى جۇڭگودا پادىشاھ يوق، قۇمۇلدا ۋاڭ يوق بولغاچقا، سوۋغات مەھسۇلاتى بولغان قۇمۇل قوغۇنى نەزەردىن چۈشۈپ، كۆڭۈل بۆلىدىغان ئادەممۇ قالمىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن قوغۇنچى دېھقانلارنىڭ ئاكتىپلىقى يوقىلىپ، ئۆز قوغۇنىنى سوۋغاتلىققا يارىتىش ئۈچۈن ئۆزئارا رىقابەتلىشىپ جاپا تارتىشنىڭ ئورنىمۇ قالمىغان.

قۇمۇلنى كۆپ قېتىم ساياھەت قىلىش كابلىدا نۇرغۇن گۈزەل ئەسلىمىلەرنى قالدۇرىدۇ. ئۇ ئەنگلىيىگە قايتقاندىن كېيىن، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا يازغان ئەسىرىدە «قۇمۇل» دېگەن سۆزنى ئەڭ كۆپ ئىشلەتكەن. كابلى ئەڭ ئاخىرى تاماملىغان كىتابى «مەقسەتلىك سەپەر»دە مۇنداق يازغان: «جۇڭگو ئوتتۇرا ئاسىياسىدىكى قۇمۇل بوستانلىقى چوڭ چۆل - باياۋان ساياھەتچىلىرىنىڭ ياخشى پاناھ جايى بولۇپ، مۇشكۇل چۆل باياۋان سەپىرىدە ھايات قالغان كىشىلەرگە بۇ جاي مەردانە، سېخىيلەرچە مېھماندوستلۇق ۋە خۇشاللىق ئاتا قىلىدۇ» .

«يىپەك يولى ساياھىتى» (خەنزۇچە) ژۇرنىلىنىڭ 2000 - يىللىق 3 - سانىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ئابلىز ئىسمائىل

تەرجىمە مۇھەررىرى: ئابلىز ئورخۇن

① قۇمۇل ۋاڭى شاھ مەخسۇتنىڭ ئوغلى نەزەر بولۇشى مۇمكىن.
② قۇمۇل ۋاڭى شاھ مەخسۇتنىڭ نەۋرىسى بېشىر بولۇشى مۇمكىن (ت)
③ ئەسلى تېكىستتە سۇناي دېيىلگەن، مېنىڭچە غىجەك بولۇشى مۇمكىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# 1949 - يىلدىن ئىلگىرى قەشقەردە ئىشلىتىلگەن پۇللار

مۇھەممەت ئىمىن قۇربانى

ھۆكۈمەتنىڭ خەزىنە چېكى ھېسابلىنىدىغان پۇل ياڭ زىڭشىن دەۋرىدە قەغەز، كۈمۈش ۋە مىستىن ياسالغان ئۈچ خىل ئاقچا ئىدى.

قەغەز ئاقچا - قەغەزدىن ياسالغان پۇل بولۇپ، بۇ خىل پۇل بىر ئۆلكىدە ئىككى خىل قوللىنىلغان، يەنى شىمالىي شىنجاڭدا (ئاقسۇ ۋىلايىتىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) خەجلىنىدىغىنى سېكپيو (ئۆلكە پۇلى) دەپ ئاتالسا، قەشقەر ۋە خوتەن ۋىلايەتلىرىدە خەجلىنىدىغىنى خاپيو (قەشقەر پۇلى) دەپ ئاتىلاتتى، خەلق تىلىدا قەغەز پۇل دېيىلەتتى.

ئۆلكە پۇلى بىر سەرلىك بىر خىللا پۇل بولۇپ، ئادەتتە قىممەت جەھەتتە قەشقەر پۇلىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىغا توغرا كېلەتتى. بۇ خىل پۇلنىڭ پارچە بىرلىكى تۈچتىن ياسالغان يارماق بولۇپ، ئۇ ئۆز قىممىتى ۋە دائىرىسىدىلا ئۆتەتتى.

قەشقەر پۇلى بىر سەرلىك ۋە تۆت تەڭگىلىكتىن ئىبارەت ئىككى خىللا بولۇپ، ئۇنىڭ بىر سەرلىكى بىر سەر تاۋار كۈمۈش بىلەن تەڭ قىممەتكە ئىگە ئىدى. لېكىن خەلق ئىچىدە بىر سەر پۇل 16 تەڭگە ھېسابلانسا، ھۆكۈمەت ھېسابىدا 400 داچەن مىس پۇل قىممىتىگە ئىگە ئىدى.

كۈمۈش ئاقچا - ئادەتتە تەڭگە پۇل دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، تاۋار ئۆلچىمى بويىچە بىر سەر كۈمۈشتىن ياسالغاندى. بۇ خىل پۇلنىڭ پارچىلىرى بىر مىسقال، ئىككى مىسقال، ئۈچ مىسقال ۋە بەش مىسقالدىن ئىبارەت تۆت خىل بولۇپ، ئادەتتە بىر سەر كۈمۈش 10 مىسقال ھېسابلىناتتى.

مىس ئاقچا- ئادەتتە بۇ پۇللارنىڭ پارچىسى بولۇپ، بىر داچەن، بەش داچەن، 10 داچەن، 20 داچەن دەپ تۆت خىلغا ئايرىلاتتى. 20 داچەنلىك پۇل ئادەتتە «تىيىن» دەپ ئاتىلاتتى.

قەشقەر پۇلىنىڭ بىر سەرى ھازىرقى 10 يۈەن خەلق پۇلىغا تەڭ بولۇپ، پۇلنىڭ ئالدى تەرەپ يۈزىگە «بۇ تىيزا پۇل قەشقەر، خوتەن تەۋەلىكىدە ئۆتىدۇ» دېگەن خەت بېسىلغان بولسا، ئوتتۇرىسىغا «بۇ پۇل ھۆكۈمەتنىڭ پۇلى، ھەر بىر سەرى 400 داچەنگە باراۋەر» دېگەن خەت بېسىلغان، ئارقا تەرىپىگە « بۇ تىيزا پۇل باج قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ، ياسالغان پۇل چىقارغۇچىلار جازالىنىدۇ» دېگەن خەتلەر بېسىلغان. ئاخىرىغا پۇلنىڭ بېسىلغان ۋاقتى كۆرسىتىلگەن. قەشقەر تىيزىسىنىڭ تۆت تەڭگىلىكى ھەجىم جەھەتتە سەل كىچىكرەك بولۇپ، قىممەت جەھەتتە 100 داچەنگە باراۋەر، ئەمما خەتلىرى بىر سەرلىك پۇلنىڭكىگە تامامەن ئوخشايتتى. بىر سەرلىك قەشقەر تىيزىسىنىڭ قىممىتى شۇ چاغدىكى بىر سەر كۈمۈش تەڭگە بىلەن باراۋەر بولۇپ، خەجلىنىشتىمۇ پەرقلەنمەيتتى. لېكىن كۈمۈش تەڭگىنىڭ ۋەزنى ئېغىر بولغاچقا، كىشىلەر قەغەز پۇلنى ساقلاشقا ئەپلىك دەپ ئەتىۋارلاپ ساقلايتتى. شۇڭا بەزىدە پۇل سودىگەرلىرى (سەرراپ) گە كۈمۈش تەڭگە ئۈستىدىن ئىككى - ئۈچ داچەن پۇل بېرىپ، قەغەز پۇلغا ئالماشتۇرۇۋالاتتى. ئۇندىن باشقا ئۆلكە پۇلى جەنۇبتا ئۆتمەيدىغان، قەشقەر تىيزىسى شىمالدا ئۆتمەيدىغان بولغاچقا، جەنۇبتىن شىمالغا بارىدىغانلار قەشقەر تىيزىسىنى، شىمالدىن جەنۇبقا كەلگەنلەر ئۆلكە پۇلىنى مەلۇم باھادا پۇل سودىگەرلىرىگە ساتاتتى. دېمەك، پۇل بۇ مەزگىلدە بىر خىل تاۋارغا ئايلانغان بولۇپ، ئېلىش - سېتىش باھاسى مۇقىم ئەمەس ئىدى، يەنى پۇل ئالىدىغانلار كۆپ بولغاندا باھا ئەرزان، پۇل ئالىدىغانلار ئازايغاندا

باھا قىممەت بولغانىدى.

بۇ مەزگىلدە سىرتتىن كېلىدىغان ماللارنىڭ باھاسى مالنىڭ كۆپ كېلىش - كەلمەسلىكىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، مال باھاسى داۋاملىق ئۆزگىرىپ تۇرسىمۇ، لېكىن ياڭ زېڭشىن ھۆكۈم سۈرگەن 17 يىل ئىچىدە قەغەز پۇلنىڭ قىممىتى مۇقىم ھەم تۇراقلىق بولۇپ كەلگەنىدى. جىن شۇرېن ھۆكۈم سۈرگەن مەزگىلدە پۇل مۇقىملىقى بىر مەزگىل داۋاملاشقان بولسىمۇ، 1931 - يىلىغا كەلگەندە باھا جەھەتتىكى تەڭپۇڭلۇق بۇزۇلۇشقا باشلىدى. يەنى قۇمۇل دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ پارتلىشى ۋە كېڭىيىشى پۇل مۇقىملىقىنىلا ئەمەس، پۈتكۈل شىنجاڭ ۋەزىيىتىنىمۇ بۇزۇپ تاشلىغانىدى. جىن شۇرېن قۇمۇل ئىنقىلابىنى باستۇرۇشتا زور ھەربىي چىقىمغا دۇچ كەلگەچكە قەغەز پۇلنى ھەدەپ بېسىۋەرگەچكە، جەمئىيەتتە پۇل پاخاللىقى يۈز بېرىپ، قەغەز پۇلنىڭ قىممىتى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ، مال باھاسى ئۆسۈپ كەتكەن. نەتىجىدە كىشىلەرنىڭ قەغەز پۇلغا بولغان ئىشەنچىسى سۇسلاپ، ئالتۇن - كۈمۈشكە بەكرەك كۆڭۈل بۆلىدىغان بولۇۋالغان ھەمدە قوللىرىدىكى ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى سىرتقا چىقارمىغان، مىس پۇللارمۇ ئارىدا كۆرۈنمەيدىغان بولۇپ قالغان. 1932 - يىلىغا كەلگەندە، مال باھاسى بىراقلا ئۆرلەپ كېتىپ، قەغەز پۇلنىڭ قىممىتىگە ماس كەلمەس بولۇپ قالغاچقا «پۇل قىممەت ئۆلچىمى» مەيدانغا چىققان.

پۇل جىددىيچىلىكى تازا ئەۋجىگە چىققان كۈنلەردە «پارچە پۇل مەسىلىسى» ئوتتۇرىغا چىققان، پارچە پۇللۇق رولىنى ئوينايدىغان تىيىن - داچەنلەر بازاردا يوقاپ كەتكەچكە، تۆت تەڭگىلىك قەغەز پۇل سانى ئاز بولغاچقا پارچە پۇللارنىڭ ئورنىنى باسالماي، سودا - سېتىق ئىشلىرىدا پۇل قىيىنچىلىقى تۇغۇلغان. مال ساتقۇچىلار بىلەن خېرىدارلار ئوتتۇرىسىدا ھەركۈنى، ھەر سائەتتە دېگۈدەك جېدەل-ماجىرا بولۇپ تۇرغان. بۇ ئەھۋالنى ئوڭشاش ئۈچۈن، شۇ چاغدىكى دوتەي مەھكىمىسى بىر مىسقاللىق قەغەز پۇل چىقارغان. 40 داچەن قىممىتىدىكى بۇ تىيزا شىۋېد مەتبەئەسىدە بېسىلغان بولۇپ، سانى چەكلىك ھەم نېپىز بولغاچقا، قولدىن قولغا ئۆتۈپ ئىككى - ئۈچ قاتلىنىش بىلەنلا يىرتىلىپ كەتكەن. خەلق يىرتىلغان پۇللارنى چاپلاپ ئىشلەتسە سودا - سېتىقتا ئۆتمىگەن. دەسلەپتە ئازراق بېسىققان ماجىرا بۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ كۆپەيگەن. بۇ ئەھۋال بازارنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ، مال باھاسىنى تېخىمۇ ئۆرلىتىۋەتكەن. بۇ چاغدا «سودىگەر» قىياپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان ھۆكۈمەت چېرىكلىرى «پارچە پۇل مەسىلىسى» نى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋەتكەن. مەسىلەن: دۇكاندارغا بىر سەر (16 تەڭگە) پۇل بېرىپ، ئىككى تەڭگىلىك مال ئېلىپ، قالغان 14 تەڭگىنى قايتۇرۇپ بېرىشكە قىستىغان، پارچە پۇللارنى ئاياپ ياكى پارچە پۇلى بولمىغانلىقتىن پۇل قايتۇرۇپ بېرەلمىگەنلەرنى ھاقارەتلىگەن، ئۇرغان، شۇنىڭ بىلەن دۇكاندارلار ئىلاجىسىزلىقتىن پارچە پۇل ئورنىغا پۈتۈن پۇللارنى ياكى پۇلنىڭ قىممىتىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق مالنى بېرىۋېتىشكە مەجبۇر بولغان.

پۇل پاخاللىقى ئېغىرلاشقانسېرى، قەغەز پۇلنىڭ ئېتىۋارى قالمىغان، قولدىن قولغا ئۆتكەنلىرى پۈرلىشىپ، يىرتىلىپ كەتكەن. ھۆكۈمەت بانكىسى يىرتىلغان پۇللارنى دەسلەپتە يېڭىسىغا ئالماشتۇرۇپ بەرگەن بولسىمۇ، كېيىنچە بۇنىمۇ ئەمەلدىن قالدۇرغان. ھەتتا باج ئورۇنلىرىمۇ چاپلىغان، يىرتىق پۇللارنى ئالمايدىغان بولۇۋالغان. ئەھۋال شۇنداق داۋاملىشىپ بىر مەزگىلدىن كېيىن «ياماق پۇل» سودىسى بارلىققا كېلىپ، بىر سەر يېڭى پۇلى بارلار بۇنى بىر نەچچە سەر ياماق پۇلغا ئالماشتۇرغان. بولۇپمۇ چېرىكلەر ئوتتۇرىغا چىقىپ بۇ ئىشنى تېخىمۇ ئەۋج ئالدۇرغان، يەنى ئىش ھەققى ئۈچۈن ھۆكۈمەت تەرىپىدىن بېرىلگەن يېڭى قەغەز پۇللارنىڭ بىر سەرىنى بىر نەچچە سەر ياماق پۇلغا تېگىشكەن. ئەمما دۇكاندارلارغا بېسىم ئىشلىتىپ ياماق تىيزىنىڭ ئۆز قىممىتى بويىچە مال سېتىۋالغان. لېكىن ھۆكۈمەت چېرىكلەرنىڭ شۇ چاغدىكى ئالدىنقى سەپكە بېرىشتىكى قىسمەن رولىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ يۇقىرىقى ھەرىكىتىنى تىزگىنلىيەلمىگەن. شۇنىڭ بىلەن چېرىكلەر تېخىمۇ ئەشەددىيلىشىپ پۇلنى

ھېچنەرسىگە ئەرزىمەيدىغان پاخال ئورنىغا چۈشۈرۈپ قويغان. ھەممە پۇلنى قىمار سورۇنلىرىدا پۇرلاپ يىرتىپ خەلققە كۆز - كۆز قىلغان. چېرىكلەرنىڭ مۇنداق قىلمىشىغا چىدىيالمىغان خەلق شۇ مەزگىلدىكى ھۆكۈمەتتىن نارازى ھەم بىزار بولغان. مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە ئۆرۈمچى بىلەن قەشقەر يولى ئېتىلىپ قېلىپ، ئۆرۈمچىدىن كېلىدىغان پۇل ئۈزۈلگەن. قەشقەردىكى يەرلىك ھۆكۈمەت بۇنى ھەل قىلىشنىڭ بىردىنبىر يولى سۈپىتىدە «ياماق تىيىننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى 400 داچەن، 100 داچەن دېگەن خەنزۇچە خەت ساق بولسىلا ئۆتۈۋېرىدۇ» دېگەن بۇيرۇقنى چىقارغان. بۇنىڭ بىلەن قالايمىقانچىلىق بىر مەزگىل ئازراق ئوڭشالغان بولسىمۇ، كېيىن چېرىكلەر يەنە ئىشنى بۇزغان، يەنى ئىش ھەققى ئۈچۈن ئالغان يېڭى پۇللارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يۇقىرىقىدەك خەنزۇچە خەتلەرنى ئويۇپ ئېلىۋېلىپ، يىرتىق پۇللاردىن قوراشتۇرۇلغان ياماق پۇلنىڭ ئوتتۇرىسىغا چاپلىغان. خېتى ئويۇۋېلىنغان يېڭى پۇللارغا بولسا يىرتىق پۇلنىڭ مەلۇم خەتلىرىنى چاپلاپ قويغان. خەنزۇچە خەت بىلمەيدىغان بىچارە پۇقرالار يۇقىرىقىدەك ساختا پۇللارغا چېرىكلەرگە مال سېتىۋەرگەن. ئاخىرىدا بۇ پۇللارنىڭ قىممىتى پۈتۈنلەي يوقىلىپ، ھەر ئىككىسى ساختا پۇل دەپ ئېلان قىلىنغان. لېكىن ۋەھشى چېرىكلەر يەنە ساختىلىقتىن قول ئۈزمەي پۇقرا، سودىگەرلەرنى بوزەك قىلىشقا باشلىغان، زۇلۇمغا چىدىمىغان سودىگەرلەر تىجارەتنى تاشلاشقا مەجبۇر بولغان.

ئەھۋال شۇ تەرىقىدە داۋاملىشىپ پۇلغا بولغان ئېھتىياج خەلقنى قىيناۋەرگەنلىكتىن، ھۆكۈمەت شىمالىي شىنجاڭدا ئۆتۈۋاتقان ئۆلكە پۇلىنى جەنۇبتىمۇ ئىشلىتىشكە يول قويغان. بىر مەزگىل قەشقەر پۇلىغا تۆت سەر ئۆلكە پۇلى ئالماشتۇرۇلۇشقا باشلىغاندىن كېيىن، شىمالنىڭ پۇلى جەنۇبقا كۆپلەپ كەلتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىنقىلاب يالقۇنى جەنۇبقىمۇ تۇتىشىپ، قەشقەردە بۇ يالقۇننى ئۆچۈرۈشكە ھەرىكەت قىلىنغان بولسىمۇ، دەماللىقتا كۈچ يېتىشمىگەنلىكتىن جەنۇبتىكى ھۆكۈمەت قوشۇنىنىڭ دىۋىزىيە قوماندانى جىن شۇجى (جىن شۇرېننىڭ 2 - ئىنىسى) ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان. جىن شۇجىننىڭ ئورنىغا قوماندان بولغان ماشاۋۇ يۇرت - يۇرتلارغا چېرىك ئالۋىڭى سېلىپ، يىغىلغانلارنى ئۈدۈللۇق شىمالغا ماڭدۇرغان. بۇنىڭ بىلەنمۇ ھاكىمىيەت پۇت تىرەپ تۇرالماي، 1933 - يىلى جىن شۇرېن تەختتىن چۈشكەن. بۇنىڭ بىلەن ئۆلكە پۇلىنىڭ كۇرسى يەنە تۆۋەنلەپ ئۆتمەس بولۇپ قالغان. شۇڭا خەلق بۇ پۇلنى مازاق قىلىپ لەڭپاي دەپ ئاتىۋالغان. 1933 - يىلى 5 - ئايدا قەشقەر شەھرى ئىنقىلابچىلارنىڭ قولىغا ئۆتكەن مەزگىلدىمۇ بازار ۋە مال باھاسى جەھەتتىكى قالايمىقانچىلىق يەنىلا ئېغىر ئىدى. لېكىن سابىت داموللىنىڭ ئىسلام ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ، تەرتىپكە چۈشۈپ، مال مەنبەسى كېڭەيگەن، باھا بارا - بارا تۆۋەنلىگەن. چۈنكى بۇ چاغدا شىمالدىن كەلگەن قوزغىلاڭچىلارنىڭ قولىدا پۈتۈنلەي ئۆلكە پۇلى بار بولغاچقا تۆمۈر سىجاڭ ئۆلكە پۇلىغا كاپالەتلىك قىلىپ، بەش سەر ئۆلكە پۇلىنى بىر سەر قەشقەر تىيىنى ئورنىدا ئىشلىتىشكە بولىدىغانلىقى توغرىسىدا بەلگىلىمە چىقارغان. بۇنىڭغا ئۇلاپلا قەشقەر ۋالىيسى يۇنۇسبەگ سەئىدى يېڭى پۇل قويۇش ئىشىنى كەڭ كۆلەمدە باشلىغان. يېڭىدىن قويۇلغان پۇللار بىر سەرلىك كۈمۈش پۇل، 10 داچەنلىك ۋە 20 داچەنلىك مىس پۇل بولۇپ، بۇرۇنقى پۇللاردىن كىچىك ئىدى. 1933 - يىلى 8 - ئايدا تۇڭگان ماجەنساڭ بىلەن قىرغىز ئوسمان ئەلى بىرلىشىپ قۇرغان تەشكىلات تەرىپىدىن تۆمۈرسىجاڭ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، قەشقەر شەھرى سەككىز كۈن تۇڭگانلار قولىغا ئۆتكەن. بۇ مەزگىلدە تۇڭگانلار ھۆكۈمەت خەزىنىسىدىكى مەبلەغلەرنى يېڭىشەھەرگە توشۇپ كەتكەن. ئەمما ئۇلار يېڭىدىن قويۇلغان پۇللارنى ئوتتۇرىغا چىقارغىچە ئۇيغۇر - قىرغىز بىرلەشمىسى شەھەرنى تۇڭگانلاردىن تارتىۋالغان. بىراق بىر قىسىم بۇلاڭچىلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، خەزىنىدىكى مال ۋە پۇللارغا قوشۇپ يېڭى قويۇلغان پۇللارنىمۇ بۇلاپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن يېڭى پۇل ئىشلىتىلمەي تۇرۇپلا يوقاپ كەتكەن. بۇ پۇلدىن

uyghurkitap.com

خەلق قولىدا ساقلىنىپ قالغانلىرى ھازىرمۇ ئاندا - ساندا ئۇچرايدۇ.

1933 - يىلى 8 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا ماجەنساڭغا قارشى يېڭىشەھەر مۇھاسىرىسى ئۇرۇشى بارلىققا كەلگەن. ماشاۋۋۇ يەنىلا يېڭىشەھەردە دوتەيلىك ئەمىلىدە بولۇپ، ئۆز ئەسكەرلىرىنىڭ ئىقتىسادىنى قامداش ئۈچۈن «ياغ تىيزا» دەپ ئاتىلىدىغان قەغەز پۇلنى چىقارغان. بۇ پۇل خام سۇرۇپ (يەڭبيو) نى ياغقا چىلاش ئارقىلىق ياسالغان بىر سەر ئۆلچىمىدىكى پۇل بولۇپ، يېڭىشەھەرنىڭ ئۆزىدىلا بىر مەزگىل خەجلەنگەندىن كېيىن، 1934- يىلىنىڭ باشلىرىدا قەشقەر قايتا تۇڭگانلار قولىغا ئۆتكەندىن كېيىن، قەشقەر شەھىرىدىمۇ خەجلىنىشكە باشلىدى. لېكىن قەشقەر خەلقى بۇ پۇلنى تازا ياقتۇرماي، سابىت داموللا ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن 1933 - يىلى چىقىرىلغان قەغەز پۇل — ئاق تىيزىنى خەجلەشكە باشلىغان. بۇ پۇل بازارغا يامان تەسىر كۆرسەتمىگەن.

قىسقىسى، 1933 - 1934 - يىللىرى قەشقەردە ئىشلىتىلگەن پۇللار قەشقەر پۇلى، ئۆلكە پۇلى، ياغ تىيزا، ئاق تىيزا قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولغان. قەشقەر پۇلى بىلەن ئۆلكە پۇلى 1939 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئىشلىتىلگەن، ياغ تىيزا، ئاق تىيزالار 1934 - يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. 1939 - يىلى ئۈرۈمچىدىكى يېڭى ھۆكۈمەت «يۈەن» ياكى «دوللار» دەپ ئاتىلىدىغان بىر يۈەن، ئۈچ يۈەن، بەش يۈەن، بەش پۇڭ، 10 پۇڭ، 20 پۇڭ ۋە 50 پۇڭلۇق قەغەز پۇلنى چىقارغان بولۇپ، بۇ خىل پۇل 1940- يىلىنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ ئىشلىتىلىشكە باشلىغان. گومىنداڭ ھاكىمىيىتى تىكلەنگەندىن كېيىمۇ بۇ پۇل يەنىلا ئىشلىتىلگەن بولسىمۇ، مەركەز ۋە ئۆلكە تەرىپىدىن چىقىرىلغان «دۆلەت پۇلى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر قانچە خىل پۇللار ئارقا - ئارقىدىن ئوتتۇرىغا چىقىپ، يەنە پۇل پاخاللىقى كېلىپ چىققان. بۇ ئەھۋال تاكى 1949 - يىلىغىچە داۋاملاشقان. 1949 - يىلىدىن كېيىن بىرلىككە كەلگەن خەلق پۇلى بارلىققا كېلىپ بازار تەرتىپى ئوڭشالغان.

تەھرىرلىگۈچى: ئابلىز ئورخۇن

(بېشى 11 - بەتتە)

شۇ يىلى 10 - ئايدا تۇردىيوف ناسىرلار يەكەن يېڭىشەھەردە دەم ئېلىپ تۇرغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە يۇقىرىدىن ئابدۇنىياز كامالنى قوغلاپ تۇتۇش بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋالغان. ئەسلىدە ئابدۇنىياز كامال ئەسكەرلەرنى تارقىتىۋەتكەندىن كېيىن، بىر قانچە ئادىمى بىلەن چەتكە چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ چېگرىغا ماڭغاندا، سوۋېتنىڭ رازۋېدكا ئايروپىلانلىرى بايقىۋالغان ئىكەن. بۇيرۇق بويىچە ئاتلانغان يۇسۇپ ليەنجاڭ ليەنى ئاتلىق يولغا چىقىپ كوسراپتىكى بىر جىرا ئىچىدە چۈشكۈن قىلغان ئابدۇنىياز كامالنى قورشاۋغا ئالغان. ئابدۇنىياز كامالنىڭ ھەمرالىرى پىلىموت بىلەن ئۇلارغا ئوت ئاچماقچى بولغاندا ئابدۇنىياز كامال ئۇلارنى توسۇپ، يۇسۇپ ليەنجاڭغا « ئەمدى ئۆزئارا قان تۆكۈشمەيلى، ھېلىمۇ بىزدىن نۇرغۇن قانلار بىھۇدە ئاقتى، ئەگەر سىز بىزگە قوشۇلسىڭىز، بىرلىكتە كەشمىرگە چىقىپ كېتەيلى، ئەسكەرلىرىڭىزدىن خالىغانلار بىز بىلەن بىللە ماڭسۇن» دېگەندە يۇسۇپ ليەنجاڭ«مەن بۇيرۇق بويىچە چىقتىم، مەن سىلەرنى تۇتۇپ يەكەنگە قايتىمەن» دېگەن. قاتتىق ئۈمىدسىزلەنگەن ئابدۇنىياز كامال ھەسرەت چېكىپ «توغرا، بۇيرۇق بويىچە چىقتىڭىز، سىز بۈگۈن بۇيرۇق بويىچە مېنى تۇتۇپ بېرىسىز، ئەتە باشقا بىرسى بۇيرۇق بويىچە سىزنى تۇتۇپ بېرىدۇ، بىز قاچانغىچە بىربىرىمىزنى تۇتۇپ بېرەرمىز! ھەي بىزنى خاراپ قىلغان پەيلىمىز، مانا، ئېلىڭ» دەپ قورالىنى يۇسۇپ ليەنجاڭغا تاپشۇرۇپ بەرگەن. ئۇلار يەكەنگە ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن بىر ئايروپىلان ئۇلارنى ئېلىپ كەتكەن.

دەرۋەقە، ئابدۇنىياز كامالنىڭ ئالدىن بىشارەت بەرگىنىدەك، 1940 - يىلىغا كەلگەندە شېڭ شىسەي قۇربانىنىياز، ئەخمەت مەخسۇم، يۇسۇپ ليەنجاڭلارنى ئۈرۈمچىدە قولغا ئېلىپ تۈرمىدە مەخپىي ئۆلتۈرگەن.

تەھرىرلىگۈچى: ئابلىز ئورخۇن

www.uyghurkitap.com

# ئەلەمنىڭ ئورنىغا قەلەم كەتتى

مامۇت غازى

(ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك بانكىسى ياشانغانلار باشقارمىسىدىن)

چىڭ سۇلالىسى 1759 ـيىلى پۈتكۈل شىنجاڭنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، يەرلىك ئەمەلدارلارغا دۆلەتتىن مائاش بېرىش تۈزۈمىنى بىكار قىلىپ، ۋىلايەت ـ ناھىيە دەرىجىلىك ھاكىمبەگلەرگە تېرىلغۇ يەر ۋە ئەمگەك كۈچى ئاجرىتىپ بەردى. تۆۋەندە خىزمەت قىلىۋاتقان بەگ، يۈزبېشى، ئونبېشى، قورببشى، مىرابىبەگ، پاششاپبەگ، شاڭيو، بازاربېگى قاتارلىق ئەمەلدارلارنىڭ مائاشى بولمىغاچقا، پۇقرالارنى قاقتى ـ سوقتى قىلىپ جان باقاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى شىنجاڭدا خىزمەت قىلىۋاتقان مانجۇ، خەنزۇ ئەمەلدارلار ھەممە ئىشنى قول ئاستىدىكى يەرلىك بەگلەرگە قويۇپ بېرىپ، ئۆزلىرى ئۆيدىن چىقماي ئەتىدىن ـ كەچكىچە ئەيشى ـ ئىشرەت ۋە كەيپ ـ ساپا بىلەن كۈنىنى ئۆتكۈزدى. بۇنىڭدىن پايدىلانغان مائاشى يوق ئەمەلدارلار تىل بىرىكتۈرۈپ، پۇقرىدىن چۈشكەن ئالۋان ـ سېلىقنى خالىغانچە كۆپەيتىپ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئىقتىسادىي يۈكىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋەتكەچكە، زۇلۇمغا چىدىمىغان خەلق ۋەكىل سايلاپ، ناھىيىنىڭ ئامباللىرى ئۈستىدىن يۇقىرىغا ئەرز ـشىكايەت قىلىشقا باشلىدى.

1818 ـ يىلى يېڭىسار ناھىيىسىگە قاراشلىق ھەرقايسى يېزىلارنىڭ يۇرت كاتتىلىرى ناھىيىگە يىغىلىپ، ئۈچ ئاي يېڭىسارنى، ئۈچ ئاي قەشقەر كوناشەھەرنى سورايدىغان جاڭ ئامبال ئۈستىدىن جاڭجۈنگە ئەرز قىلماقچى بولدى. يېڭىسارغا كېتىپ بارغان ۋەكىللەر چاغرا دېگەن يەرگە يېتىپ كەلگەندە، قەشقەرگە ماڭغان ئامبال بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدۇ. ئامبال مەپىدىن بېشىنى چىقىرىپ يېنىدىكى تەرجىماندىن «بۇ نېمە ئادەملەر» دەپ سورايدۇ، تەرجىمان «يېڭىسارغا يىغىلىپ سىزنىڭ ئۈستىڭىزدىن جاڭجۈنگە ئەرز قىلىشقا كېتىپ بارغان ئۆكتىچىلەر» دەيدۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئامبال مەپىنى دەررۇ كەينىگە ياندۇرۇپ، يېڭىسارغا قايتىپ كېلىپ يەرلىك ئەمەلدارلارنى ئىشقا سېلىپ بىر زىياپەت تەييارلايدۇ. ئۆكتىچىلەر ئىشنىڭ تېگىنى بىلمەي زىياپەتكە كىرىپ تاماق يەۋاتقاندا، چېرىكلەرگە تون-سەرپاي كۆتەرتكۈزۈپ ئامبال كىرىپ كېلىدۇ. ئۇ ئۆكتىچىلەرگە تازىم قىلىپ سۆزلەشكە باشلىغاندا، ئالدىنقى قاتاردا ئولتۇرغان دەۋاگەرلەرنىڭ باشلىقلىرى ئامبالنى تىللايدۇ. نەيرىڭىنىڭ ئىشقا ئاشمايدىغانلىقىنى پەملىگەن ئامبال دەرھال چاپاننى تەتۈر كىيىپ، 120 دىن ئارتۇق دەۋاگەرنى تۇتۇپ قاماپ قويىدۇ. 10 كۈنچە ئۆتكەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن 12 كىشىنى ئېلىپ قېلىپ، قالغانلىرىنى قويۇپ بېرىدۇ. بۇلاردىن سەككىز كىشىگە ئوخشىمىغان دەرىجىدە مۇددەتلىك قاماق جازاسى، تۆت كىشىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن ئىجرا قىلماقچى بولىدۇ. بۇ تۆت كىشىنىڭ بىرى ئاقتۇ ناھىيە پىلال يېزىسىدا ئولتۇرۇشلۇق ئەلەم ھاجى دېگەن باي كىشى ئىدى. ئاخشىمى گۈندىپاي ئەلەم ھاجىنى ئىشخانىسىغا چاقىرىپ بېرىلگەن ئۆلۈم جازاسىنى ئۇنىڭغا ئۇقتۇرىدۇ. ئاندىن «مېنى تونۇدۇڭمۇ؟» دەپ سورايدۇ.

— ياق ـ دەپ جاۋاب بېرىدۇ قورقۇپ كەتكەن ئەلەم ھاجى. گۈندىپاي:

— سەن مېنى تونۇمىدىڭ، ئەمما مەن سېنى تونۇيمەن، پىلالدىكى دۈشەنبە بازىرىدا گۆرۈخانا ئاچقان خەنزۇنىڭ بالىسى بولىمەن، سېنىڭ داداڭ بىزگە ئولتۇرۇدىغان ئۆي، گۆرۈخانا ئاچىدىغان دۇكان بەرگەنىدى. مەن پىلالدا چوڭ بولغان، كىچىكىمدە ئۇيغۇر باللار بىلەن ئويناپ، سىلەرنىڭ تىللىڭلارنى ئۆگىنىۋالغان، ئۆزۈڭگە بېرىلگەن جازانى ئاڭلىدىڭ، قانداق قىلاي دەيسەن؟ - دېيىشىگە، ئەلەم هاجى يانچۇقىنى ئاختۇرۇپ تەييارلاپ قويغان 25 سەر تەڭگىنى گۈندىپاينىڭ ئالدىغا قويۇپ:

— بۇ مېنىڭ ئالدىن بەرگەن كاپالىتىم بولسۇن، مېنىڭ جېنىمنى قۇتۇلدۇرۇپ قالسىلا پۈتۈن مال - دۇنيايىمنى ئۆزلىرىدىن ئايىمايمەن، ماڭا رەھىم قىلسىلا غوجام - دەپ يالۋۇرۇشقا باشلايدۇ. گۈندىپاي:

— پىلالدا ئىسمى سېنىڭكىگە ئوخشايدىغان ئادەم بارمۇ؟- دەپ سورايدۇ. ئەلەم هاجى:

— ئۇنداق ئادەم يوق، لېكىن بىزنىڭ مەھەللىگە تۇتاش چوقۇر هويلا دېگەن يەردە قەلەم ئىسىملىك بوي- تۇرقى ماڭا ئوخشاپ كېتىدىغان، مەن بىلەن تەڭ دېمەتلىك بىر ئادەم بار- دەپ جاۋاپ بېرىدۇ.

گۈندىپاي تاڭ ئاتقىچە قەلەم ئاكىنى يېڭىسارغا ئېلىپ كېلىپ، كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ، ئورنىغا ئەلەم هاجىنىڭ كىيىملىرىنى كىيگۈزۈپ «ئەلەم دەپ سورىسا‹مەن شۇ› دەپ جاۋاب بېرىسەن» دەپ ئۆگىتىپ سولاپ قويىدۇ. ئەلەم هاجىغا قەلەم ئاكىنىڭ كىيىملىرىنى كىيگۈزۈپ«سەن بىر نەچچە ئايغىچە پىلالغا كەلمەي، باشقا يەردە جان ساقلا» دەپ ئۇنى سولاقتىن چىقىرىۋېتىدۇ. ئەلەم هاجى تونۇش- بىلىشلىرىدىن پۇل قەرز ئېلىپ، ئۆزىنى بىللە ئېلىپ چىققان ئىككى چېرىككە بىرمۇنچە پارا بېرىپ، يەنە 20 سەر تەڭگىنى گۈندىپايغا بېرىپ قويۇشنى تاپىلاپ يېڭىساردىن قېچىپ كېتىدۇ. ئۈچ كۈندىن كېيىن بىگۇناھ دېهقان قەلەم ئاكا ئۆلۈمگە هۆكۈم قىلىنغان تۆت كىشى قاتارىدا ئەلەم هاجىنىڭ ئورنىغا ئېتىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. جازا مەيدانىغا يىغىلغانلار ئىچىدە ئەلەم هاجىنى تونۇيدىغانلار ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا بىرسىنىڭ ئېتىلغانلىقىنى كۆرۈپ غۇلغۇلا قىلىشىدۇ. كېيىن بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان ئامبال قەلەمنىڭ ئايالى سوپىيەخاننى چاقىرتىدۇ. سوپىيەخان يېتىم قالغان ئۈچ بالىسىنى ئەگەشتۈرۈپ كېلىپ ئامبال بىلەن كۆرۈشىدۇ. ئامبال سوپىيە خانغا پۇل ۋە كىيىم - كېچەك بېرىپ:

— بۇندىن كېيىن سەندىن هېچقانداق ئالۋان - سېلىق ئېلىنمايدۇ، خاتىرجەم بول - دەپ قايتۇرۇۋېتىدۇ. بىراق بۇ غۇلغۇلا بارغانسېرى ئەۋج ئېلىدۇ. بۇ ئەهۋالنىڭ ئاقىۋىتىدىن چۆچۈگەن ئامبال خاتىرجەم بولالماي، ئاۋۋال پارىخور گۈندىپاينى ئېتىۋېتىپ، ئاندىن ئۆزىمۇ زەهەر ئىچىپ ئۆلۈۋالىدۇ.

ئەنە شۇندىن بېرى خەلق ئارىسىدا «ئەلەمنىڭ ئورنىغا قەلەم كەتتى» دېگەن ئىبارە تارقىلىپ يۈرمەكتە.

تەھرىرلىگۈچى: پولات هېمىت

www.uyghurkitap.com

# كۆك تۈركلەرنىڭ ئانا يۇرتى

يامادا نوبۇئو (ياپونىيە)

ئىلىم ساھەسىدە كۆك تۈركلەرنىڭ ئەسلى يۇرتىنىڭ ئالتاي تېغىغا يېقىن بىر جايدا ئىكەنلىكى قوبۇل قىلىنغان. بۇ ماقالىدە مەن بۇ يەرنى تېخىمۇ كەسكىن بىر رەۋىشتە مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە تىرىشىمەن. نۇرغۇن قەبىلە ئەپسانىلىرى بۇ مەسىلىنىڭ ھەل قىلىنىشىغا ياردەم بېرىدۇ. ئالىملارنىڭ كۆپىنچىسى «تۈرك» سۆزى ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن خەنزۇچە خەتنىڭ « 突厥 » ئىكەنلىكىنى ۋە خەنزۇچە مەنبەلەرنىڭ بۇ قەۋمگە مۇناسىۋەتلىك بايانلار بىلەن تولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مانا مۇشۇ بايانلارنىڭ ئىككىسى «سۇينامە» (84 - جىلد) ۋە «جۇنامە» (50-جىلد) لەرگە جۇغلانغان بولۇپ، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە خاتىرىگە ئېلىنغان① . «سۇينامە» دە ئىككى مۇھىم بايان بار. ئۇنىڭ بىرى تۆۋەندىكىچە:

تۈركلەرنىڭ ئەجدادى پىڭلياڭ (گەنسۇ ئۆلكىسىدە) ياشايدىغان ئاشنا قەبىلىسىگە مەنسۇپ ئارىلاشما ياۋايىلار ئىدى. 439 - يىلى ۋېي پادىشاھى تەيۋۇدى يات تائىپە - قۇتقۇلار②نى يوقاتقاندىن كېيىن، ئاشنا قەبىلىسى 500 چېدىرلىق ئادەمنى باشلاپ، ئالتاي تېغىدىكى روران بارگاھىغا قېچىپ كەتتى. ئۇلار ئۇ يەردە كۆپىيىپ، تۆمۈر تاۋلاش تېخنىكىسىنى ئىجات قىلدى. بۇ تاغ خۇددى تۆمۈر قالپاق (ساۋۇت) قا ئوخشىغانلىقى ئۈچۈن، خەنزۇلار ئۇلارنى «تۇجۆ» دەپ ئاتاشتى.

بۇنىڭدىن باشقا، تۈرك ئەجدادلىرىنىڭ كاسپىي دېڭىزى بويىدا ياشىغانلىقى تىلغا ئېلىنىپ مۇنداق دېيىلىدۇ: يامان بىر تەلەيسىزلىك تۈپەيلىدىن قوشنا بىر قەبىلە تۈركلەرگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى قىرىپ تاشلايدۇ، دۈشمەن پەقەت بىر ئوغۇل بالىنىلا ھايات قالدۇرۇپ، پۇت - قوللىرىنى كېسىپ تاشلاپ، سازلىقتا تاشلىۋېتىدۇ. بۇ يەرگە بىر چىشى بۆرە كېلىپ بالىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدۇ. بالا چىشى بۆرە ئېلىپ كەلگەن گۆشلەرنى يەپ ئۆلۈم گىردابىدىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ. كېيىن بالا بۆرە بىلەن جۈپلىشىپ، بۆرە بوغاز بولىدۇ. ئۇزاق ئۆتمەي ھېلىقى قوشنا دۆلەت بالىنىڭ تېخىچە ھاياتلىقىنى ئۇقۇپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە ئادەم ئەۋەتىدۇ. لېكىن بۆرە بالىنى جان - جەھلى بىلەن قوغدايدۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەنلەر بۆرىنىڭ ئىچىگە جىن كىرىپتۇ، دېيىشىدۇ. بالىنى مۇھاپىزەت قىلىپ ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرغان بۆرە كاسپىي دېڭىزىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، قوچۇنىڭ غەربىي شىمالىدىكى بىر تاغ ئېتىكىگە كەپتۇ، ھەمدە 200 كۋادرات مېتىردىن ئارتۇق ئوتلۇقى بار بىر غار ئىچىگە ئورۇنلىشىپتۇ. بۆرە بۇ غاردا 10 ئوغۇل تۇغۇپتۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئەقىللىقى بولغان ئاشنا ئۇلارغا باش بوپتۇ. ئۇلار ئۆز ئانىسىنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن ئۆزلىرى تۇرغان يەرنىڭ دەرۋازىسىغا ھەر دائىم بۆرە بېشى سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن تۇغ تىكىشىدىغان بوپتۇ. كېيىنكى مەزگىللەردە ئاشنا ئۆز قەۋمىنى باشلاپ، غاردىن چىقىپ رورانلارنىڭ قېشىغا كەپتۇ.

«جۇنامە» دە تۈركلەرنىڭ ۋەتىنىگە ئالاقىدار ئىككى ئەپسانە بار. بۇلارنىڭ بىرىنچىسى بۆرە ئەپسانىسى بىلەن باشلىنىدۇ. بۇنىڭدا ئاشنا قەبىلىسىنىڭ رورانلارنىڭ كەينىدىن ئالتاي تېغىغا كەتكەنلىكى يېزىلىدۇ. «جۇنامە» دىكى ئىككىنچى ئەپسانە يۇقىرىقىلاردىن پۈتۈنلەي پەرقلىق بولۇپ،



ئۇنىڭدا تۈرك ئەجدادلىرىنىڭ شۇ دۆلىتىدىن كەلگەنلىكى يېزىلىدۇ. تۈركلەرنىڭ ئەسلى يۇرتى هۇنلارنىڭ شىمالىدىكى زېمىنلار ئىدى. باشلىقى ئاپام بىرۇك ئىسىملىك بىر كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ 17 قېرىندىشى بار ئىدى. بۇلاردىن بىرىنىڭ ئىسمى ئېركىن نىشىدۇ بولۇپ، بۆرىدىن تۇغۇلغانىدى. ئاپام بىرۇك ۋە ئۇنىڭ قەۋمى تۇغۇلىشىدىنلا پاراسەتسىز بولغاچقا، دۆلىتى مۇنقەرز بوپتۇ. ئېركىن نىشىدۇنىڭ مىجەز - خاراكتېرى تۇغۇلىشىدىنلا ئۆزگىچە ئىكەن. ھەتتا بوران، يامغۇرنىمۇ چاقىرىپ كېلەلەيدىكەن. ئۇ ئىككى خوتۇن ئاپتۇ. بىرى ياز تەڭرىسىنىڭ، يەنە بىرى قىش تەڭرىسىنىڭ قىزى ئىكەن. ئۇلارنىڭ بىرى ھامىلدار بولۇپ، تۆت ئوغۇل تۇغۇپتۇ، ئوغۇللارنىڭ بىرى چىرايلىق ئاققۇغا ئايلىنىپ كېتىپتۇ، بىرى ئاپار دەرياسى بىلەن كەم دەرياسى ئارىلىقىدا دۆلەت قۇرۇپ، نامىنى قىرغىز دەپ ئاتاپتۇ. يەنە بىرى كۆك دەرياسى بويىدا دۆلەت قۇرۇپتۇ، بىرى كۆك يىش تېغىغا③ ماكانلىشىپتۇ. بۇ تاغنى ماكان قىلغانلار نىشىدۇنىڭ چوڭ ئوغلى تۇغلۇق شات ئىكەن. بۇ تاغدا يەنىلا ئاپام بىرۇكنىڭ قەۋمى ياشايدىكەن. بۇ جايدا يەنە دائىم قىراۋ ئۇششۇكى پەيدا بولۇپ تۇرىدىكەن. چوڭ ئوغۇل ئۇلارغا ئوت كەشپ قىلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ قىشتىن ئامان - ئېسەن ئۆتۈۋېلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىپتۇ. مۇشۇ ئىش سەۋەبىدىن كۆپچىلىك ئۇنى ئۆزلىرىگە باشلىق قىلىپ سايلاپ، ئۆزلىرىنى تۈرك دەپ ئاتىشىپتۇ. تۇغلۇق ئۆلگەندە ئۇنىڭ 10 خوتۇنىدىن بولغان ئوغۇللار ئۆزلىرى ئىچىدىن بىرسىنى باشلىق سايلىماقچى بولۇپ، ھەممىسى بىر تۈپ چوڭ دەرەخنىڭ ئاستىغا يىغىلىپتۇ. ئاندىن ئۇلار: كىمدەكىم مۇشۇ دەرەخنىڭ بويىنى بويلاپ ئەڭ ئېگىزگە سەكرىيەلىسە شۇ باش بولسۇن، دەپ كېلىشىپتۇ. ئاشنانىڭ ئوغلى گەرچە كىچىك بولسىمۇ، لېكىن ھەممىدىن ئېگىزگە سەكرەپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ھەرقايسى ئوغۇللار ئۇنى ئۆزلىرىگە باشلىق قىلىپ سايلاپ، ئۇنى ئاشەن شات دەپ ئاتىشىپتۇ.

بۇ ئەپسانىنىڭ كۆپ قىسمى ئالدىنقى ئەپسانىلەردىن پەرقلىق بولسىمۇ، لېكىن بۆرە ئورتاق مەنبەدۇر. بۇ ئەپسانىلەر تۈركلەرنىڭ سىياسىي مەركىزىنى تەشكىل قىلغان ئاشنا ئۇرۇقى ئارىسىدا ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملىشىپ كەلگەن. لېكىن يەنە ئاشنا ئۇرۇقى بىلەن ئوخشاش ئابرويغا ئىگە ئاشىد ئۇرۇقى ئارىسىدا تارقالغان يۇقىرىقىلارغا پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان ئەپسانىلەرمۇ بار. بۇ دەۋر چېڭشىنىڭ «يۇياڭ خاتىرىلىرى»④ دە بايان قىلىنغان ئەپسانە بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن:

تۈركلەرنىڭ ئەجدادى شېموشىلى بولۇپ، ئاشىدلار تۇرىدىغان غارنىڭ غەربىدىكى دېڭىزدا بىر تەڭرى ياشايدىكەن. دېڭىز تەڭرىسىنىڭ بىر قىزى بولۇپ، ئۇ ھەر كۈنى ئاخشىمى بىر ئاق بۇغىنى شېمونى دېڭىزغا باشلاپ كىرىشكە ئەۋەتىدىكەن، تاڭ يورۇغاندا شېمونى ئۇزىتىپ قويىدىكەن. مۇشۇ تەرىقىدە نەچچە ئون يىل ئۆتكەندىن كېيىن، شېمونىڭ قەبىلىلىرى چوڭ بىر ئوۋغا تەييارلىنىپتۇ. دېڭىز تەڭرىسىنىڭ قىزى شېموغا: ئەتە سىز ئوۋ ئوۋلاۋاتقان چاغدا، ئاتا - بوۋىلىرىڭىز ياشىغان غاردىن بىر ئالتۇن مۈڭگۈزلۈك ئاق بۇغا چىقىدۇ، ناۋادا بۇ بۇغىنى ئاتالىسىڭىز مەن بىلەن داۋاملىق كۆرۈشەلەيسىز، ئاتالمىسىڭىز ئالاقىمىز ئۈزۈلىدۇ، دەپتۇ. تاڭ سۈزۈلگەندە، دەرۋەقە ئالتۇن مۈڭگۈزلۈك بىر ئاق بۇغا غاردىن سىرتقا چىقىپتۇ. شېمو ئادەملىرىنى بۇغىنى قورشاشقا بۇيرۇپتۇ. ئۇركۈپ كەتكەن بۇغا ئادەملەرنىڭ ئۈستىدىن سەكرەپ ئۆتۈشكە ئۇرۇنۇپتۇ، ئۇنىڭ قېچىپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەن ئادەملەر ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ، بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلەنگەن شېمو ئاجى ئىسىملىك بىر قوماندانىنىڭ كاللىسىنى ئاپتۇ، ھەمدە ئادەملىرىگە قاراپ «بۇغىنى ئۆلتۈرگەنلىكىڭلار ئۈچۈن ، بۇندىن كېيىن تەڭرىگە ئاتاپ ئادەم قۇربانلىق قىلىمەن» دەپ قەسەم ئىچىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئىش تۈركلەر ئارىسىدا بىر ئەنئەنىگە ئايلىنىپتۇ. تۈركلەر ئادەم قۇربانلىق قىلىشتا دائىم ئاجىنىڭ قەبىلىسىدىكىلەردىن بىر ئادەمنى تاللايدىغان بوپتۇ. شېمو ئاجىنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، كەچتە دېڭىزغا قايتىپتۇ. دېڭىز تەڭرىسىنىڭ قىزى ئۇنىڭغا ئۆز

www.uyghurkitap.com

قولۇلۇڭ بىلەن ئادەم ئۆلتۈرگەنلىكىڭ ئۈچۈن، ئۆزايىڭدىن قان ھىدى كېلىپ تۇرىدۇ، شۇڭا سەندىن مۇناسىۋەتنى ئۈزدۈم، دەپتۇ.

يۇقىرىقى تۆت مەنبە ئەپسانە بولسىمۇ، لېكىن كېيىنكى ئۈچىدە ئورتاقلىق بار. ئىككىنچى ۋە تۆتىنچى ئەپسانىدە تۈركلەرنىڭ پەيدا بولغان يېرى بىر غارغا مەركەزلەشكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئەپسانىلەردە غەربىي دېڭىز دېگەن بىر ئورتاق مەنبە بار. ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى خىل ئەپسانىدا دېڭىز تەڭرىسىنىڭ قىزىغا مۇناسىۋەتلىك ئورتاقلىق بار. ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى ئەپسانىنى تېخىمۇ ئىنچىكىلەپ سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ ئەپسانىلەردىكى ئورتاقلىقلار مۇنداق:

1. قەبىلىلەر بۆرە نەسلىدىن تۆرىلىدۇ.

2. ئەسلىدىكى قەبىلە يوقىتىلىپ، ساق قالغانلارنىڭ ئىچىدىن ئاشنا باشچىلىقىدىكى 10 ئۇرۇق شەكىللىنىدۇ.

3. ئاشنا قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ باشلىقى بولىدۇ. باشقا جەھەتتە بۇ ئىككى ئەپسانە ئوتتۇرىسىدا روشەن پەرقلەرمۇ بار.

تۈرك ئەجدادلىرىنىڭ ۋەتىنى ئىككىنچى ئەپسانىدە غەربتە، ئۈچىنچى ئەپسانىدە شىمالدا (ياكى شەرقتە) دەپ كۆرسىتىلىدۇ.

ئىككىنچى ئەپسانىدە، تۈركلەرنىڭ ئىتتىپاقى قۇرۇلغاندا، بۇ ئىتتىپاقتىكى قەبىلىلەرنىڭ ئورنى كۆرسىتىلىدۇ، لېكىن ئۈچىنچى ئەپسانىدە بۇ كۆرسىتىلمەيدۇ.

ئىككىنچى ئەپسانىنىڭ مەزمۇنى ئاددى ھەم ئوچۇق، لېكىن ئۈچىنچى ئەپسانىنىڭ مەزمۇنى تۇتۇق ۋە مۇرەككەپ.

كېيىنكى ئۈچ ئەپسانە ئالتاي سېلىشتۇرما ئەپسانشۇناسلىقى ئۈچۈن باھاسىز ماتېرىيال بولسىمۇ، لېكىن بۇ ھەقتىكى ئانالىز تەتقىقاتنىڭ سىرتىدا تۇرماقتا. بۇ ئەپسانىلەردىكى مۇھىم نۇقتىلار تۈركلەرنىڭ مەنبەسىنىڭ قوچۇنىڭ شىمالى ۋە شەرقىي تەڭرىتاغلىرىدا بولۇشىدۇر. بۇ ئەپسانىلەر ئىچىدە «سۇينامە» دە خاتىرىلەنگەن بىرىنچى مەنبەلا رېئال تارىختىن دالالەت بېرىدۇ.

«سۇينامە» 629 ـ ۋە 636 ـ يىللار ئارىلىقىدا يېزىلغان. تۈركلەر ئۇزاقتىن بېرى خەنزۇلار بىلەن مۇناسىۋەت قىلىپ كەلگەچكە، بۇ خاتىرىلەرنى يازغان تارىخچىنىڭ تۈركلەر ھەققىدە بىلىدىغانلىرى كۆپ ئىدى. 542 ـ يىلدىن ئىلگىرى تۈركلەر جۇڭگو مەنبەلىرىدە شىمالدىن كەلگەن بىر تاجاۋۇزچى دەپ قارىلاتتى⑤. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئايرىم قەبىلىلەر يەرلىك ئولتۇراق خەلق بىلەن سودا قىلىشنىمۇ ئارزۇ قىلاتتى. 545 ـ يىلى غەربىي ۋېي سۇلالىسى تۈركلەرگە تۇنجى قېتىم ئەلچى ئەۋەتتى. تۈركلەر ئىككىنچى يىلى بۇنىڭغا جاۋابەن ئەلچى ئەۋەتتى. بۇ بېرىش ـ كېلىشلەر ئاساسەن سودا ـ سېتىقنى ئاساسىي مەقسەت قىلغانىدى. «سۇينامە» دە بايان قىلىنغانلار تۈركلەرنىڭ رورانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا كۈچىيىۋاتقانلىقىغا بېرىلگەن بىشارەت ئىدى. بۇ تەرەققىيات تەيۋۇدى قۇتقۇ قەبىلىسىنى بويسۇندۇرۇپ، شىمالدىكى سۇلالىلەرگە خاتىمە بېرىشتىن 100 يىل كېيىن بارلىققا كەلگەنىدى. يۇقىرىقى ئەپسانىلەردە تىلغا ئېلىنغان ئىشلار تۈركلەرنىڭ يازما خاتىرىلەر دە تىلغا ئېلىنىشتىن بۇرۇنقى مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ئالاقىدار بولسا كېرەك. مانا مۇشۇلاردىن تۈركلەرنىڭ V ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا ئاشنا ئۇرۇقى تەرىپىدىن بىر سىياسىي كۈچ بولۇپ ئۇيۇشقانلىقىنى كۆرەلەيمىز.

ئەمدىكى مەسىلە، تۈركلەرنىڭ ئانا يۇرتىنىڭ نەق ئورنى مەسىلىسى. «سۇينامە» دە تۈركلەرنىڭ ئەلمىساقتىن بېرى ئالتاي تاغلىرىدا ياشىغانلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ.

پەقەت «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» نىڭ99ـ جىلدىدىلا تۈرك ئەجدادلىرىنىڭ ئالتاي تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى بىر رايوندا ياشىغانلىقى ئالغا سۈرۈلمەكتە. بۇ مەلۇمات باشقا خاتىرىلەر تەرىپىدىنمۇ توغرا تېپىلماقتا. مۇشۇنىڭغا قارىغاندا، تۈركلەرنىڭ ئانا يۇرتى ئالتاي تاغلىرىنىڭ جەنۇبى ياكى غەربىي جەنۇبىدىكى بىر جاي ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ.

بۇ جاينىڭ كونكرېت ئورنىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن داڭلىق ئالىم پروفېسسور ماتسۇدا خىسائو بۇ ھەقتە مەخسۇس تەتقىقات ئېلىپ بارغان بولۇپ، ئۇ

تۈركلەرنىڭ ئانا يۇرتى ئالتاي تېغىنىڭ غەربىي جەنۇبىي ئۇچىدا، يەنى قارا ئېرتىش بىلەن ئۇرۇنغۇ دەرياسى ئارىلىقىدىكى ھاۋزىدا دەپ مۇقىملاشتۇرغان ھەمدە ئۇلار شىمالىي جۇڭغارىيىدىن شەرققە ۋە غەربكە قاراپ يېيىلغان دەپ كۆرسەتكەنىدى⑥. بىراق مەن V ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن VI ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىغا قەدەر بۇ رايوندا يۈز بەرگەن زور سىياسىي توقۇنۇشلار تۈپەيلىدىن، بۇ زېمىننىڭ ئۈنچىۋالا يىراقتا (شىمالدا) بولۇشىنى قوبۇل قىلالمايمەن.

ئاشىنا قەبىلىسىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان رورانلار جەنۇبىي موڭغۇلىيىدىن كەلگەن. تەخمىنەن 450 ـ يىلدىن 500 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا رورانلار غەربكە سۈرۈلۈپ، شەرقىي تەڭرىتاغ ئەتراپىدىكى جايلارنى ئىشغال قىلغان. بۇ چاغدا قاڭقىل قەبىلىلىرى بولسا غەربىي جەنۇبىي ئالتاي تاغلىرىدىن تەڭرىتاغقا تۇتاشقان مەزكۇر رايون ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتاتتى. لېكىن ئۇلارنىڭ بۇ ئۇرۇشلىرى نەتىجىسىز ئاخىرلاشتى. 540 ـ يىلى رورانلار قاڭقىللارنى باستۇردى. نەتىجىدە ئاشىنا قەبىلىسىنىڭ باشلىقى تۈمەن روران قاغانى بىلەن بىرلىشىپ جەڭدە زور غەلىبىگە ئېرىشتى. مۇشۇنىڭغا قارىغاندا، ئاشىنا قەبىلىسىگە مەنسۇپ تۈركلەر شىمالىي جۇڭغارىيىدە ئەمەس، بەلكى جۇڭغارىيىنىڭ جەنۇبىدا ياشايتتى.

بۇ ھەقتىكى تېخىمۇ قايىل قىلارلىق كۆزقاراش س. گ. كلياشتورنىيغا تەئەللۇقتۇر. ئۇ جىنشەندىكى بىر قىسىم تۈركىي قەبىلىلەر ئالتاي تېغىنىڭ جەنۇبىي ئۇچىغا قەدەر يېيىلغان⑦، دەپ ئىزاھلايدۇ. بۇ رورانلار بىلەن قاڭقىللار ئۇرۇشقان ئەسلى جەڭگاھنىڭ قۇمۇلنىڭ شىمالىدىكى باركۆل ئەتراپى بولۇش ئېھتىماللىقىنى ئەسكە سالىدۇ. شۇنداق بولغاندا، رورانلار بىلەن ئۇلارغا تەۋە قەبىلىلەرنىڭ يۇرتلىرى بۇ جەڭگاھنىڭ شەرقىدە بولغان بولىدۇ. ئەگەر جىنشەن ئالتاي تېغىنى كۆرسەتسە، ئۇھالدا تۈركلەرنىڭ يۇرتى گوبى ئالتاي بىلەن موڭغۇلىيە جۇمھۇرىيىتىدىكى گاشۇن نورنىڭ شىمالىدىكى بايان خونگور ساھەلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان «ئالتاي تېغى» ئالتاي تاغ تىزمىسىنىڭ شەرقىي قىسمىنى كۆرسىتىدۇ، دەپ پەرەز قىلساق، ئۇ ھالدا بۇ، ئىككىنچى تۈرك ئەپسانىسىنىڭ مەزمۇنىغا ناھايىتى ماس كېلىدۇ.

مۇنداق چۈشەندۈرۈش تۈركلەرنىڭ شىمالىي ۋېي خانلىقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىمۇ يورۇتۇپ بېرىدۇ. پەقەت مۇشۇنداق جۇغراپىيىلىك ئەۋزەللىك بولغاندىلا تۈركلەر بىلەن رورانلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتىن سۆز ئاچقىلى بولىدۇ.

551 ـ يىلى 6 ـ ئايدا تۈركلەرنىڭ قاغانى تۈمەن غەربىي ۋېي پادىشاھىنىڭ مەلىكىسى چاڭ لې بىلەن توي قىلدى. 552 ـ يىلى يانۋاردا ئەسكەرلىرىنى توپلاپ روران قاغانىغا ھۇجۇم قىلدى. بىر ئاي ئىچىدە تۈمەننىڭ غالىب ئارمىيىسى دۈشمەننى موڭغۇلىيىنىڭ جەنۇبى ۋە سەددىچىنغا يېقىن جايلاردا تارمار قىلدى. تۈمەن ئۆزىنى ئىلىگ قاغان دەپ ئاتاپ تۈرك دۆلىتىنى بەرپا قىلدى. 555 ـ يىلى مۇقان قاغان رورانلارنىڭ قالدۇق كۈچلىرىنى يوقىتىش ئىشىنى غەلىبىلىك تۈگەتتى. خەنزۇچە مەنبەلەر تۈركلەرنىڭ كەينى ـ كەينىدىن قىلغان ھەربىي يۈرۈشلىرىنىڭ لىنىيەلىرىنى ئېنىقلاپ بەرمەكتە ۋە ئۇلارنىڭ كۆچمە قارارگاھلىرىنىڭ يەنىلا ئەسلى يۇرتلىرىدا ئىكەنلىكىنى ئەسلەتمەكتە. يەنە مۇشۇ مەنبەلەرگە قارىغاندا، تۈركلەرنىڭ بىر قىسمى قاڭقىللارغا تەۋە ھەرقايسى قەبىلىلەرنى تىزگىنلەش ئۈچۈن تەڭرىتاغ تىزمىسىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە كەتكەن.

خەنزۇ تارىخچىلىرى تۈركلەرنىڭ مۇقان قاغاننىڭ باشچىلىقىدا كەڭ كۆلەملىك كېڭىيىشىدىن ئەندىشە قىلغانىدى. بۇ كېڭەيمىچىلىك ئۇرۇشلىرىغا مۇقان قاغان بىۋاسىتە ئارىلاشمىغانىدى. مەسىلەن: غەربتىكى ئېفتالىتلارغا قىلىنغان يۈرۈشكە مۇقاننىڭ تاغىسى ئىستەمى قوماندانلىق قىلغانىدى. شەرقىي موڭغۇلىيىدىكى كۈچلەرنى بويسۇندۇرۇش ئۇرۇشىغا مۇقان قاغاننىڭ ئىنىسى قوماندانلىق قىلغانىدى. بۇ ۋاقىتتا مۇقان قاغان خېشى كارىدورىدىكى تۇيغۇنلارنى بويسۇندۇرۇش ئۇرۇشىدا ئىدى⑧. 557 ـ يىلى شىمالىي جۇ خانلىقى غەربىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ

uyghurkitap.com



ئورنىنى ئالغاندا، تۈركلەر شىمالىي جۇ خانلىقى بىلەن شەرقتىكى شىمالىي چى خانلىقى ئارىسىدىكى رىقابەتكە ئارىلاشتى. قىسقىسى، تۈركلەر ۋاقتىنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خانلىقلار بىلەن بولغان ھەربىي ۋە سىياسىي مۇناسىۋەتنى تىزگىنلەش بىلەن ئۆتكۈزدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئەسلى قەبىلە بازىسى يەنىلا ئىلگىرىكى يۇرتلىرىدا قالدى. مۇقان قاغان 572 - يىلى ۋاپات بولۇشتىن بۇرۇن ئوردىسىنى موڭغۇلىيىنىڭ شىمالىدىكى ئۆتۈكەنگە كۆچۈردى. تۈركلەرنىڭ تۈنجى قەبىلىلەر ئىتتىپاقى ئالتاي تېغىنىڭ جەنۇبىي ئۇچىدا بارلىققا كەلدى. بۇ يەر ئۇلارنىڭ ئانا يۇرتى ئىدى. كۆك تۈرك خانلىقى قۇرۇلۇپ زېمىنى كېڭەيگەندىن كېيىنمۇ، نۇرغۇن تۈركلەر يەنىلا ئالتاي تېغىنىڭ غەربىي جەنۇبى بىلەن تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى يۇرتلىرىدا قالدى. كېيىنكى مەزگىللەردە بۇلار غەربىي تۈرك خانلىقىغا تەۋە بولدى. يۇقىرىدا توختالغان ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى ئەپساندىكى مۇجمەللىكلەرنىڭ بەلكىم ئۆزىگە چۇشلۇق تارىخى باردۇر. تۈركلەر بىلەن غەربىي تۈركلەر ئارىسىدىكى پەرقلەرنىڭ ھەل قىلىنىشى كەلگۈسىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىگە باغلىقتۇر.

ئىزاھلار:

① «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» دىكى تۈركلەرگە دائىر مەلۇماتلار «سۈينامە» بىلەن «جۇنامە» دىن كۆچۈرۈلگەن بولۇپ، بەزى خەتلەرلا پەرقلىنىدۇ. ليۇ ماۋسەي: «شەرقىي تۈرك تارىخىغا دائىر خەنزۇچە مەلۇماتلار»، 1958 - يىلى ۋېسبادىن نەمسىچە نەشرى.

② قۇتقۇلار IV ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى شىمالىي لياڭ دۆلىتىنى قۇرغان ھۇنلارنىڭ بىر تارمىقى.

③ بۇ جاينىڭ ئېنىق ئورنىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ھەرقانچە تىرىشقان بىلەنمۇ ئېنىق بىر نەتىجىگە ئېرىشىش تەس.

④ دۇەن چېڭشى: «يۇياڭ خاتىرىلىرى» 4- جىلد.

⑤ سېن جۇڭمىيەن: «تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى»، 1958 - يىل بېيجىڭ نەشرى، 1- توم 15 - بەت.

⑥ ماتسۇدا خىسائو (ياپونىيە): «قەدىمكى تەڭرىتاغنىڭ تارىخ - جۇغراپىيىسى ھەققىدە تەتقىقات»، 1970 - يىلى توكيو 2 - قېتىملىق بېسىلىشى، ياپونچە 250 - بەت.

⑦ س. گ. كلياشتورنىي: «قەدىمكى تۈرك - رۇنىك يېزىقىدىكى ئابىدىلەر»، 1964 - يىلى موسكۋا رۇسچە نەشرى، 110 - 111 - بەتلەر.

⑧ «جۇنامە» 28 - جىلد «شى نىڭنىڭ تەرجىمىھالى».

«تۈركىي خەلقلەر تەتقىقاتى» (تۈركچە) نىڭ 1996 - يىل 105 - سانىدىن تەرجىمە قىلىندى.

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇرېشىت جېلىل

مۇھەررىرى: ئابلىز ئورخۇن

# ئېمىل دەرياسى ۋە ئېمىل شەھىرى

**تاھىر تاشباييېف**

(تارباغاتاي ۋىلايەتلىك تەزكىرە ئىشخانىسىدىن)

چۆچەك شەھىرىنىڭ 57 كىلومېتىر شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان دۆربىلجىن ناھىيىسى تارىخىي ئۇزۇن، بىر نەچچە مىللەت ئارىلاش ئولتۇراقلاشقان ناھىيە.

ئېمىل دەرياسى ئۆز مۇساپىسىدە تۈنجى بولۇپ، دۆربىلجىن ناھىيىسىنى بېسىپ ئۆتىدۇ. بۇ ناھىيە خەنزۇ تىلىدا «ئېمىن» (额敏) دېيىلىدۇ. نېمە ئۈچۈن بىر ناھىيىگە يەرلىك مىللەتلەر تىلىدا بىر خىل، خەنزۇ تىلىدا يەنە بىر خىل نام قويۇلىدۇ؟. خەنزۇچە «ئېمىن» سۆزى دۆربىلجىن ناھىيىسىنىڭ تارىختىكى نامى «ئېمىل» سۆزىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ، سۆزنىڭ ئەسلى تېگىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ. تارىختىكى ئېمىل شەھىرى ئۆزىنىڭ نەچچە يۈز يىللىق گۈللىنىش دەۋرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئۇرۇش ۋەيرانچىلىقىدا خاراب بولغاندىن كېيىن، يەنى XⅧ ئەسىردە موڭغۇللار بۇ خارابىنى «تۆت چاسا» دېگەن مەنىدە دۆربىلجىن دەپ ئاتىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئەسلىدىكى ئېمىل دېگەن تارىخىي نامى ئۇنتۇلۇپ، دۆربىلجىن نامى سىڭىپ قالغان. ئەمما خەنزۇچە ماتېرىياللاردا بۇ نام ئىزچىل ھالدا «也密里»، «叶密力»، «也门勒» دەپ خاتىرىلىنىپ كەلگەچكە، 1918 - يىلى مىنگو ھۆكۈمىتى ھازىرقى دۆربىلجىن ناھىيىسىنى چۆچەك شەھىرىدىن ئايرىپ چىقىپ، ناھىيە تەسىس قىلغاندا، خەنزۇچە مەنبەلەردىكى ئاھاڭ تەرجىمىسىنى تەلەپپۇزغا تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرۇپ «ئېمىن» (额敏) دېگەن ئىككى خەتكە مۇقىملاشتۇرغان. ئەمما يەرلىك خەلق تىلىدا موڭغۇلچە دۆربىلجىن نامى داۋاملىق ئىشلىتىلگەن. نەتىجىدە بۇ ناھىيە نامى ئىككى خىل ئاتاش ھادىسىسى شەكىللەنگەن. مەن مۇشۇ خىل ھادىسە ئۈستىدە ئىزدىنىپ، تەھلىل يۈرگۈزۈپ، يەر ناملىرىدىكى مۇنداق ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان، بىر بىرىگە زىت كېلىدىغان ئەھۋالغا خاتىمە بېرىپ، تارىخىي پاكىتقا ھۆرمەت قىلىش ئۈچۈن خەنزۇچە «ئېمىن» سۆزىنىڭ ئەسلى تېگى ھېسابلانغان «ئېمىل» دېگەن نامنى «دۆربىلجىن» نامىنىڭ ئورنىغا قايتا دەسسىتىپ، بۇ جاينىڭ ھەقىقىي تارىخىي جۇغراپىيىۋى نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىمەن. شۇڭا تۆۋەندە مەن «ئېمىل» نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى، ئۆزگىرىش جەريانى، مەنىسى ۋە بۇ نام بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان، مەزكۇر ۋادىدا بولۇپ ئۆتكەن تارىخىي ۋەقەلىكلەر توغرىسىدىكى دەسلەپكى ئىزدىنىش نەتىجىلىرىمنى ئوقۇرمەنلەرگە سۇنماقچىمەن.

### «ئېمىل» نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى

ئىلىم ساھەسىدە «ئېمىل» سۆزى ئۆزۈندىن بېرى موڭغۇلچە «ئىگەر» مەنىسىدىكى «ئېمالى» دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان دەپ قارىلىۋاتىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇ كونا تۈركىي تىلىدىكى «ئېمىكلى، ئېمىكلىك» سۆزىدىن كېلىپ چىققان، چۈنكى بۇ جايدا ئەڭ دەسلەپ تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر ياشىغان. «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ 1- توم 99 - بېتىدە «ئېمىك» دېگەن سۆزگە «ئەمچەك، ئەرلەرنىڭ ئەمچەكىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ» دەپ؛ 207



- بەتتە «ئېمىكلىك: ئېمىكلىك ئىشلەر — بالا ئېمىتىدىغان خوتۇن» دەپ ئىزاھ بېرىلگەن. 2 - توم 40 - بەتتىن 92 - بەتكىچە «قائىدىلەر، پېئىللارنىڭ تۈرلىنىشى ۋە سۇپۇتلەرنىڭ بايانى ھەم ئۇلارنىڭ تەدبىقلىنىشى» دېگەن تېمىدا «ئىشلىگۈچىنىڭ بىرەر ئىش - ھەرىكەتنى قىلىشنى كۆڭلىگە پۈككەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان سۈپەت. . . بۇنداق سۈپەتلەر ئىزافەتلىك مەستەرلەردىن ياسىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۆزى مەستەر بولسىمۇ، لېكىن Li/Li قوشۇلۇش بىلەن سۈپەتكە ئايلىنىدۇ. تەركىبىدە k,g كەلگەن سۆزلەرگە مىسال ئالساق: (Ol manga tawar bárgáli ol ئۇ ماڭا تاۋار بەرگىلىۋاتىدۇ) دېگەن سۆزلەرگە ئوخشاش» دېيىلگەن. مۇشۇ قائىدە بويىچە «ئېمىك» سۆزىگە ئىش - ھەرىكەتنى كۆڭلىگە پۈككەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان قوشۇمچە «لى» نى قوشساق «ئېمىكلى» بولۇپ، ئانا يەرنىڭ چىڭقىلىپ تۇرغان ئەمچىكىنى بارلىق جان - جانىۋار، ئۆسۈملۈك، مەخلۇقاتلارغا ئېمىتكىلىۋاتقان ھالىتى شەكىللىنىدۇ. «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ 1 -توم، 663، 665 - بەتلىرىدە «بىر نەرسىنىڭ ئۇنگەن، ئۆسكەن جايىنى ياكى بىر نەرسىنىڭ جايلاشقان ئورنىنى بىلدۈرۈدىغان سۆزلەرگە، سۆزلەرنىڭ ئاخىرى گ، ك بىلەن تۈزۈلگەنلىرىگە ياكى ئومۇمەن يۇمشاق سۆزلەرگە lik قوشۇلىدۇ، بۇ ھەممە تۈركىي تىللار ئۈچۈن ئورتاق ئۆزگەرمەس قائىدىدۇر» دېيىلگەن.

تەتقىقاتچى چيەن بوچۈەن : «ئۆز ۋاقتىدا ياللۇغ تاشىن ئېمىل دەرياسى بويىغا سالدۇرغان شەھەرنى يەرلىك تۈركىي خەلقلەر yemeklik دەپ ئاتىغان. موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرى بۇ يەرگە جايلاشقاندىن كېيىن، ئىككى ئۈزۈك تاۋۇش قىسقارتىلىپ، yemeli ياكى yemili بولۇپ قالغان. شۇڭا خەنزۇچىغا ‹叶密力› ، ‹也密里› دەپ ئاھاڭ تەرجىمىسى قىلىنغان. غەربىي يۇرتتىكى خەلقلەر تىلىدا E, Y تاۋۇشلىرى بىر بىرىگە يېقىن تەلەپپۇز قىلىنىدىغان بولغاچقا Emil دەپ خاتىرىلەنگەن. ئېمىل خارابىسى ھازىرقى دۆربىلجىن ناھىيىسىدىن ئالتە كىلومېتىر يىراقلىقتا، كۆلىمى ناھايىتى چوڭ» دەپ يازغان.

دېمەك، «ئېمىل» سۆزى ئەسلى «ئېمالى» دېگەن سۆزدىن ئەمەس، بەلكى كونا تۈركىي تىلدىكى «ئېمىك» ياكى «ئېمىكلى» دېگەن سۆزنىڭ فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى مۇنازىرىسىز جەزملەشتۈرۈشكە بولىدۇ. شۇڭلاشقىمۇ ئېمىل شەھرى ۋە ئېمىل دەرياسى ۋادىسىدا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار «دۆربىلجىن» نامىدا ئەمەس بەلكى «ئېمىل» نامىدا تارىخىي خاتىرىلەردە تىلغا ئېلىنىپ كەلمەكتە.

ئەجدادلىرىمىز باشقا دەريالارغا ئەمەس، نېمە ئۈچۈن پەقەت مۇشۇ دەرياغىلا «ئېمىل» دەپ نام بېرىدۇ؟.

بۇ دەريا تارباغاتاي تېغىنىڭ جەنۇبى، ئورقاچار تېغىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبى، جايىر، مايلى تاغلىرىنىڭ شىمالى ھەمدە بارلىق تېغىنىڭ جەنۇب - شىمالىدىن ئېقىپ چىققان سانسىزلىغان چوڭ - كىچىك دەريا سۇلىرى ۋە بۇلاق سۇلىرىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان. بۇ تاغلار پەس، پاسىل تاغلار بولۇپ، يازدا قار - مۇز بىلەن قاپلىنىپ تۇرمايدۇ. ئۇلاردىن چىقىدىغان سۇلار قىشتىكى قارنىڭ ئەتىيازدا ئېرىپ، سىڭىشىدىن، يازدىكى يامغۇر سۈيىنىڭ سىڭىشىدىن ھاسىل بولغان يەر ئاستى سۇلىرى تاغ باغرى ۋە تۈزلەڭلىكتە يەر يۈزىگە بۇلاق بولۇپ ئېتىلىپ چىقىپ، دەريا سۈيىنى ھاسىل قىلىدۇ. شۇڭا ئەجدادلىرىمىز يەر يۈزىگە ئېتىلىپ چىققان سانسىز بۇلاقلارنى ئانا زېمىننىڭ كۆكسىگە ئوخشىتىپ «ئېمىكلىك دەريا» دەپ ئاتىغانلىقىنى جەزملەشتۈرۈشكە بولىدۇ.

ئېمىل دەرياسىنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى ئۇزۇنلۇقى 220 كىلومېتىر، ئومۇمىي كۆلىمى 21مىڭ 50 كۋادرات كىلومېتىر. بۇ دۆربىلجىن ناھىيىسىنى ئوتتۇرىدىن كېسىپ ئۆتۈپ، چۆچەك، تولى، چاغانتوقاي ناھىيىلىرىنىڭ پاسىلى بولغان قۇلستاي ئويمانلىقىدىن ئۆتۈپ، غەربىي جەنۇبقا بۇرۇلۇپ، قازاقىستاننىڭ ئالاي كۆلىگە قۇيۇلىدۇ.

ئېمىل دەرياسىنىڭ مۇساپىسى قىسقا، ۋادا كۆلىمى كىچىك بولسىمۇ، لېكىن تەبىئىي جۇغراپىيىلىك ئەۋزەللىكى تۈپەيلىدىن نۇرغۇنبوران -

چاپقۇنلۇق تارىخىنىڭ شاھىدى بولغان.

## ئىمىل شەھىرىنىڭ بىنا قىلىنىشى

تارىخىي مەنبەلەردە قەيت قىلىنىشىچە، ئىمىل دەرياسى ۋادىسىدا ئەڭ دەسلەپ تۈرك قەبىلىلىرىدىن تېلېلار ياشىغان. VII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قارلۇقلار ئىمىل ۋادىسى ۋە سايرام كۆلى ئەتراپىغا توپلىشىپ، بولات، جۈز (سايەك)، تاشلىق قەبىلىلىرىدىن تەشكىللەنگەن ئىتتىپاقنى قۇرۇپ كۆچەيتكەن. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى تاشلىق قەبىلىسى تارباغاتاي تېغىنى ماكان قىلغان. بۇ قەبىلىلەر ئىتتىپاقى كۆك تۈرك خانلىقى شەرق، غەرب دەپ ئىككى خانلىققا بۆلۈنگەندە ئىككى خانلىقنىڭ ئارىلىق پاسىلىدا تۇرغاچقا، قايسى تەرەپ كۈچەيسە شۇنىڭغا بېقىنىپ كەلگەن. ئۇلار ھالسىرىغاندا ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بولۇپ، ئۇلار بىلەن ئۇرۇشقان. «كۆلتېكىن مەڭگۈ تېشى» دا «كۆلتېكىن 27 ياشتا ئىدى. قارلۇقلار مۇستەقىل بولۇپ، بىز بىلەن دۈشمەنلەشتى. بىز ئۇلار بىلەن تاماغ دېگەن ھىكمەتلىك چوققىدا (تاغدا) ئۇرۇشتۇق» دېيىلگەن. بۇ دەل 715 - ۋە 716 - يىللىرى تارباغاتاي تېغىدا تۈركلەرنىڭ قارلۇقلار بىلەن بولغان ئۇرۇشى ئىدى. قارلۇقلار كېيىنكى مەزگىللەردە توققۇز ئوغۇز، ئون ئوغۇزلار (ئۇيغۇرلار) ۋە باسمىللار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، شەرقىي تۈرك خانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، 754 - يىلدىكى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرۇشقا كۈچ چىقاردى. كېيىن يەنە كۈچىيىشكە باشلاپ، ئۆزىنىڭ ئىتتىپاقدىشى بولغان ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىغا قارشى چىققانلىقتىن 757 - يىلى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى ئۇلارنى قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يەتتىسۇ تەرەپكە چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. بۇ چاغدا ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى تازا كۈچىيىپ، ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى شەرقتە ھىنگان تېغىنىڭ شەرقىگە قەدەر، شىمالدا بايقال كۆلى ۋە يەنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا قەدەر، غەربتە كاسپىي دېڭىزىغا قەدەر، جەنۇبتا757- يىلدىن كېيىن تارىم ۋادىسىغا قەدەر كېڭەيتكەنىدى. بۇ چاغدا ئىمىل ۋادىسى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مەركىزىي رايونلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالغانىدى. ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەندە بۇ جاي ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىغا قالدى. «قاراخانىيلار خانلىقى كۈچەيگەندىن كېيىن بۇ جاينى ئۆز تەسىر دائىرىسىگە كىرگۈزدى. شەرقىي شىمالىي جۇڭگو رايونىدا قۇرۇلغان قىتان خانلىقى ھىجرىيە 401 - يىلى ماھى مۇھەررەمنىڭ 11 - كۈنى مىلادىيە 1013 - يىل 7 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ياللۇغ خۇاگې باشچىلىقىدا 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇن ئەۋەتىپ، موڭغۇل يايلاقلىرى، ئالتاي تېغى ۋە يەتتىسۇ رايونىنى ئىگىلىدى. ئۇلارنىڭ قوشۇنى بالاساغۇن شەھىرىگە يەنە يەتتە كۈن ماڭسىلا يېتىپ باراتتى. بۇ چاغدا توغانخان زور قوشۇن باشلاپ چىقىپ، قىتان قوشۇنلىرى بىلەن شىددەتلىك جەڭلەرنى قىلدى ۋە ئاخىرىدا قارا قىتانلارنى ئىمىل دەرياسى ۋادىسىدا مەغلۇب قىلىپ، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمىنى ئەسىرگە ئالدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى 10 مىڭ كىشىنى مۇسۇلمان قىلىپ، ئۇلارنى ئېرتىش ۋە ئىمىل دەريا ۋادىلىرىغا ئورۇنلاشتۇردى».

1115 - يىلى قىتانلار جۇرجىتلار تەرىپىدىن مەغلۇب قىلىندى. 1122 - يىلى خان ئەۋلادى ياللۇغ تاشىن 200دىن كۆپرەك ئادىمىنى باشلاپ، غەربىي شىمالغا قاراپ قېچىپ، يەنسەي دەرياسى ۋادىسىغا بېرىپ قىرغىزلارنى بويسۇندۇرماقچى بولغاندا، قىرغىزلار ئۇنى قوغلاپ چىقاردى. ئۇ مىلادى 1017 - 1018 - يىللىرى قاراخانىيلار سۇلالىسىگە قارشى ئۇرۇشقا كېلىپ، تۇتقۇن قىلىنىپ ئىمىل دەريا ۋادىسىدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان قىتانلارنىڭ يېنىغا كەلدى. بۇ چاغدا بۇ يەردە تەخمىنەن 40مىڭدىن ئارتۇق قىتان ياشايتتى. بۇ يەردە ئۇ 18 قەبىلە كېڭەشنى چاقىرىپ، ئىمىل شەھىرىدە قىتان خانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەنلىكىنى جاكارلىدى ھەمدە شەرققە يۈرۈش قىلىپ، جۇرجىتلارنى بويسۇندۇرماقچى بولدى. لېكىن ياللۇغ تاشىن 1125 - يىلى قىتان خانى ياللۇغ يەنشىنىڭ تۇتقۇن قىلىنىپ، قىتان خانلىقىنىڭ تامامەن يوقالغانلىقىنى ئاڭلاپ بۇ ئويىدىن ۋاز كەچتى.

قارا قىتان خانلىقى قۇرۇلغان چاغدا ئىمىل ۋادىسىدا ياشاۋاتقان قىتانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. ياللۇغ تاشىن بۇ

www.uyghurkitap.com

يەردە قىتان خانلىقىنى قوغلاندىن كېيىن، قىتان ئادىتى بويىچە ئېمىل دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىغا ئېمىل شەھىرىنى بەرپا قىلدى.

ياللۇغ تاشىن بىر نەچچە يىل ئۆزىنى ئوڭشىۋالغاندىن كېيىن، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى ۋە قاراخانىيلار خانلىقىدىكى قوزغىلاڭچى قەبىلىلەر بىلەن بىرلىشىپ، ئالدى بىلەن قاراخانىيلار خانلىقىنى يوقىتىش، ئادىن بۇ يەردىكى كۈچلەرنىڭ ياردىمى بىلەن جۇرجىتلاردىن قىساس ئېلىش پىلانىنى تۈزدى. ئۇ مۇشۇ پىلان بويىچە ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىغا ئۆز دوستلۇقىنى ئىزھار قىلىپ، خەت يازدى. بىلگە قاغان ياللۇغ تاشىننى ئۆز پايتەختىگە تەكلىپ قىلىپ، ئۈچ كۈن داغدۇغىلىق زىياپەت ئۆتكۈزۈپ، 600 ئات، 100 تۆگە، 3000 قوي تەقدىم قىلدى. چۈنكى بۇ چاغدا ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن قاراخانىيلار خانلىقى ئوتتۇرىسىدا كەسكىن زىددىيەت بار ئىدى. شۇڭا ئىدىقۇت خانلىقى ياللۇغ تاشىننىڭ قاراخانىيلار خانلىقىغا قارشى ئۇرۇشىنى قوللىدى.

1130 - يىلى ياللۇغ تاشىن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قوللىشىدا قوشۇنىنى ئىككى يولغا بۆلۈپ، غەربكە يۈرۈش قىلدى. ئۇنىڭ جەنۇبىي يۆنىلىش قوشۇنى قەشقەر، يەكەن، خوتەنگە قاراپ يۈرۈش قىلغان بولسىمۇ، لېكىن قاراخانىيلار قوشۇنى تەرىپىدىن ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. ياللۇغ تاشىن بىۋاستە قوماندانلىق قىلغان شىمالىي قوشۇنى بالاساغۇنغا قاراپ يۈرۈش قىلدى. بۇ چاغدا يەتتىسۇ ۋە تالاس رايونىدىكى قاڭلى ۋە قارلۇق قەبىلىلىرى قاراخانىيلار خانلىقىغا قارشى كەڭ كۆلەملىك قوزغىلاڭ كۆتۈرگەنىدى. شۇڭلاشقا بالاساغۇندا تۇرۇشلۇق ئەخمەت بۇغراخان سانى (ئىبراھىم بىننى ئەخمەت) ياللۇغ تاشىننىڭ كۈچىگە تايىنىپ، بۇ قوزغىلاڭلارنى باستۇرۇش نىيىتىدە قىتان قوشۇنلىرىنى قىزغىن قارشى ئېلىپ بالاساغۇنغا ئورۇنلاشتۇردى. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلانغان ياللۇغ تاشىن ئۆز كۈچىنى زورايتىپ، 1131 - يىلى ئۆزىنى گۇرخان دەپ ئاتاپ، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ غەربىي قىسمىنى پۈتۈنلەي ئىگىلىۋالدى. مانا بۇ جۇڭگو تارىخىدىكى «غەربىي لياۋ خانلىقى» ئىدى.

ئېمىل شەھىرى دەسلەپ بىنا قىلىنىشىدا قارا قىتان خانلىقىنىڭ پايتەختى بولۇپ خىزمەت قىلغان بولسا، كېيىنكى نەچچە يۈز يىللىق تارىخ جەريانىدىمۇ باشقا خانلىقلارنىڭ مەركىزى سۈپىتىدە مۇھىم روللارنى ئويناپ كەلدى.

## موڭغۇل ئىمپېرىيىسى دەۋرىدىكى ئېمىل شەھىرى

XIII ئەسىردە موڭغۇللار كۈچىيىپ، قۇدرەتلىك موڭغۇل ئىمپېرىيىسى جاھان سورىدى. چىڭگىزخان بويسۇندۇرغان زېمىنلىرىنى تۆت ئوغلىغا بۆلۈپ بەردى. 3 - ئوغلى ئوكتايغا ئالتۇنتاغنىڭ شەرقى ۋە جەنۇبى، تەڭرىتاغنىڭ شىمالى، بالقاش كۆلىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى جايلارنى جۇملىدىن ئېرتىش ۋە ئېمىل دەريا ۋادىلىرىنى بەردى. ئوكتاي ئۆزىگە بېرىلگەن زېمىندا ئوكتاي خانلىقىنى قۇرۇپ، ئېمىل شەھىرىنى پايتەخت قىلدى. ئوكتاي چىڭگىزخاننىڭ ئۆلۈش ئالدىدىكى ۋەسىيىتى بويىچە، 1229 - يىلى موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ خانى بولدى. ئۇ تەختكە ئولتۇرۇپ 7 - يىلى ئورخۇن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا قاراقورۇم شەھىرىنى سالدۇردى. ئېمىل دەريا ۋادىسىنى ئوغلى كۈيۈككە بەردى. «تارىخى رەشىدى» ۋە «قۇبلايخان» قاتارلىق كىتابلاردا يېزىلىشىچە، ئوكتاي خاقان بولغاندىن كېيىنمۇ، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا يەنىلا ئېمىل شەھىرىدە تۇرۇپ، ئەيش - ئىشرەت قىلىشنى ياخشى كۆرەتتىكەن.

1241 - يىلى ئوكتايخان بىلەن چاغاتايخانلار كەينى - كەينىدىن ئالەمدىن ئۆتتى. ئوكتاينىڭ 6 - خوتۇنى نامىلجى بەش يىل ھوقۇق تۇتۇپ تۇرغاندىن كېيىن، ئۆز ئوغلى كۈيۈكنى موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ خانلىقىغا تىكلىدى. بۇ قۇرۇلتايغا باتۇخان قىر كۆرسىتىپ قاتناشماي قويىدى. بۇنىڭدىن گۇمانلانغان كۈيۈك 1248 - يىلى ئېمىل دەرياسى بويىدا دەم ئالىمەن دېگەن باھانە بىلەن ئېمىل شەھىرىگە كېلىپ كۈچ توپلاپ، باتۇخانغا يۈرۈش قىلدى، بىراق ئۇ قۇمسىڭگىر دېگەن جايغا كەلگەندە كېسەل بولۇپ ئۆلدى. 1249 - يىلى باتۇخاننىڭ

تەشەببۇسى بىلەن ئالاكۆلنىڭ شەرقىدىكى ئالىكتاغ دېگەن جايدا (ھازىرقى بارلىق تېغى) قۇرۇلتاي چاقىرىلىپ تولىنىڭ ئوغلى مۆڭكۈ خان قىلىپ تىكلەندى. مۆڭكۈ تەختكە چىققاندىن كېيىن ئوكتاينىڭ زېمىنلىرىنى پارچىلاپ ئوكتاينىڭ ئەۋلادلىرىغا بۆلۈپ بەردى. ئوكتاينىڭ نەۋرىسى توقتونى ئېمىل شەھىرىدە تۇرۇپ ئېمىل دەريا ۋادىسىنى باشقۇرۇشقا قويدى.

1259 - يىلى مۆڭكۈخان جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنى يوقىتىش يۇرۇشىنى باشلاپ، شۇ يىلى سىچۇەندىكى بىر جەڭدە ئۆلدى. 1260 - يىلى ئۇنىڭ ئۇكىسى قۇبلاي كەيپىڭدا خان بولغانلىقىنى جاكارلىدى. يۈەن سۇلالىسىنىڭ قۇرغۇچىسى ھېسابلانغان مانا مۇشۇ قۇبلايخان 1215 - يىلى ئېمىل شەھىرىدە تۇغۇلغانىدى. 1219 - يىلى چىڭگىزخان پۈتۈن كۈچىنى توپلاپ غەربكە يۈرۈش قىلغاندا قۇبلايخان ئەمدىلا بەش ياشقا كىرگەنىدى. بىر پارس تارىخشۇناسىنىڭ مۇشۇ مەزگىل ھەققىدە يازغان ئەسىرىدە: «1225 - يىلى ئۇلۇغ غەلىبىلەرنى قۇچۇپ ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېلىۋاتقان چىڭگىزخاننى ئېمىل دەرياسى بويىدا قارشى ئالغان قۇبلاي ئېسىنى بىلگەندىن بېرى ئۆز بوۋىسىنى تۇنجى قېتىم كۆرگەنىدى. 11 ياشتىكى قۇبلاي بىلەن توققۇز ياشتىكى ئىنىسى ھۇلاكۇ ئىككىسى ئۆۋلىغان توشقانلىرى بىلەن بۇغىلىرىنى غانجۇغىلىرىغا باغلاپ كەلگەندە دۇنيانى بېقىندۇرغان پادىشاھ ئۆز قولى بىلەن ئىككى نەۋرىسىنىڭ ئوتتۇرا بارمىقىنى باغلاپ قويغانىدى» دەپ يازغان. ئۇلار توققۇز ئوغۇل، بىر قىز بولۇپ، جەمئىي 10 بالا ئانىسى سۇرخۇكتانىڭ تەربىيىسىدە چىڭگىزخان ئىگىلىگەن زېمىنلار ئىچىدىكى ئەڭ ھاۋالىق جاي ئېمىل دەرياسى بويىدا باشقىلارنىڭ نەزەرىدىن خالىي ئۆسۈپ يېتىلدى.

1266 - يىلىغا كەلگەندە ئوكتاينىڭ نەۋرىسى قايدۇ موڭغۇل خانلىرىنىڭ «سەھرادا تۇرۇۋېرىمىز، شەھەرگە قەدەم باسمايمىز» دېگەن قارارى بويىچە ئېمىل، تالاس، چۇ دەريالىرىنى بازا قىلغان ھالدا، ئۆزۈندىن بۇيان توپلىغان كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، قۇبلاي بىلەن ئۇرۇشۇپ جەڭدە غەلىبە قىلدى. 1275 - يىلى قارا قۇرۇمنى بېسىۋالدى. 1277 - يىلى قۇبلاي ئالمىلىقنى ئىشغال قىلىشقا ئەۋەتكەن قوشۇنلارنىڭ سەردارلىرىنىڭ يېرىمى دېگۇدەك قايدۇغا تۇتقۇن بولدى. 1287 - يىلىغا كەلگەندە بۇ ئىسيان شەرقىي موڭغۇلىيىگە تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىدى. چىڭگىزخاننىڭ ئۇكىلىرىنىڭ ئەۋلادلىرى نايىننىڭ باشچىلىقىدا قايدۇ بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ باش كۆتۈرۈشكە باشلىدى. گەرچە قايدۇ 30 نەچچە يىل قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، يۈەن سۇلالىسى شىنجاڭدا مۇستەھكەم قوغدىنىش چارىلىرىنى قوللانغانلىقتىن مەقسىدىگە يېتەلمىدى. 1302 - يىلى يۈەن سۇلالىسى قوشۇنلىرى قايدۇنى مەغلۇب قىلدى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي قايدۇ ئۆلدى. 1306 - يىلى قايدۇنىڭ ئوغلى جەبە ئېمىل شەھىرىدە يۈەن سۇلالىسى قوشۇنلىرىغا تەسلىم بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئوكتاي خانلىقى تەلتۆكۈس يىمىرىلىپ، چاغاتاي خانلىقىغا قوشۇۋېتىلدى. ئېمىل شەھىرى چاغاتاي خانلىقىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتتى.

## جۇڭغار خانلىقى دەۋرىدىكى ئېمىل شەھىرى

X V ئەسىرگە كەلگەندە ئويرات موڭغۇللىرى كۆچىيىشكە باشلىدى. ئۇۋەيسخان ئۆز قەبىلىلىرىنى باشلاپ، ئىلى دەريا ۋادىسىغا بېرىپ ماكانلاشتى. جۇراس، بارىن قەبىلىلىرىنىڭ ئەمىرلىرى ئويراتلارغا تەسلىم بولدى. X V ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە ئېمىل دەريا ۋادىسى پۈتۈنلەي ئويرات موڭغۇللىرىنىڭ ھەرىكەت دائىرىسىگە كىرىپ كەتتى.

بۇ دەۋردىكى ئېمىل دەريا ۋادىسى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلارنىڭ تارىخىي ئۆزگىرىشىگە نەزەر سالساق، 1462 - يىلى يەتتىسۇنى مەركەز قىلغان قازاق خانلىقى قۇرۇلدى. بۇ خانلىق ئۆزلىرى ئۈچۈن مۇقىم زېمىن ۋە بازارنىڭ بولۇشىغا تەقەززا ئىدى. شۇڭا دائىم ئويراتلار بىلەن ئۇرۇش قىلىپ تۇردى. ئۇلار مۇنبەت ئېمىل ۋادىسىغا كۆز تىككەنىدى. خالخا موڭغۇللىرى ئويراتلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ھامىيلىقىدىن ئايرىلىپ چىقىپ مۇستەقىل بولۇشىنى خالىمايتتى. شۇڭا 1562 - يىلى ۋە 1587 - يىللىرى ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ كېلىپ زور قوشۇن بىلەن ئويراتلارغا

ھۇجۇم قىلدى. بىرىنچى قېتىم غەلىبە قىلغان ۋە سۇبۇتايىنى ھۆكۈمران قىلىپ تىكلىگەن بولسىمۇ، ئىككىنچى قېتىمدا 80 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن كېلىپ ئىمىل دەرياسى بويىدا مەغلۇب بولۇپ، سەردارى ئۇباش خۇنتەيجىنىڭ كاللىسى ئېلىندى. گەرچە بۇ چاغدا ئويراتلار بىر پۈتۈن خانلىق بولۇپ شەكىللەنمىگەن بولسىمۇ، جۇراس قەبىلىسىدىن چىققان خوتۇخوچىڭ بىلەن خوشۇت قەبىلىسىنىڭ باشلىقى بايباغىس قەبىلىلەرنى ئورتاق باشقۇراتتى. بايباغىس ئىمىل ۋادىسىغا جايلاشقاندىن كېيىن، ئىمىل دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىغا بىر قورغان بىنا قىلدى. بۇ قورغان ئۆنىڭ قول ئاستىدا دائىملىق زاپاس ساقلايدىغان 16 مىڭ ئەسكەرنى سىغدۇرالايتتى. شۇڭا ئۇ خاراب بولغان ئىمىل شەھىرى بىلەن كارى بولمىدى. XVI ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ، ئويراتلار مۇقىم تەرەققىي قىلىش باسقۇچىغا ئۆتكەن بولسىمۇ، ھەر خىل زىددىيەتلەر تۈپەيلىدىن تورغۇتلار خارلۇكىنىڭ باشچىلىقىدا ۋولگا دەريا بويلىرىغا، خوشۇتلار تۇربايغۇنىڭ باشچىلىقىدا كۆكنۇرغا كۆچتى. 1635 - يىلى باتۇر تايشى جۇڭغار خانلىقىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلاپ، ئۆزىنى باتۇر خۇنتەيجى دەپ ئاتىدى ھەمدە بايباغىس بىنا قىلغان ئىمىل شەھىرىنى مەركەز قىلدى. ئۇ خانلىقنى تىكلىگەندىن كېيىن كۆچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ شەھەر بىنا قىلىشقا كىرىشتى. 1646 - يىلى جەنۇبىي شىنجاڭدىن ھۈنەرۋەنلەرنى تەكلىپ قىلىپ كېلىپ ئىمىل، قوبۇق، كۆلقارائۇسۇ (شىخۇ) قاتارلىق جايلاردا شەھەر بىنا قىلدى. دېھقانلارنى كۆچۈرۈپ كېلىپ تېرىقچىلىق قىلدۇردى. مىس، تۆمۈر تاۋلاش، قورال - ياراق ياساشتەك ئىشلەپچىقىرىش تۈرلىرىمۇ بارلىققا كەلدى. نەتىجىدە ئىشلەپچىقىرىش راۋاجلاندى، سىرتنىڭ تاجاۋۇزىغا تاقابىل تۇرالايدىغان قۇدرەتكە ئىگە بولدى. شۇڭا باتۇر خۇنتەيجى تەرەپ - تەرەپكە پىتراپ كەتكەن ئويرات قەبىلىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، شەرقتىكى خالخا موڭغۇللىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشىلىماقچى بولدى. ۋولگا بويىدىكى تورغۇتلارنى يۇرتىغا قايتىپ كېلىشكە ئۈندەپ كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، شۇ چاغدىكى تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئەمەلگە ئاشمىدى. ئۇ 1640 - يىلى 9- ئاينىڭ بېشىدا ئىمىل دەرياسىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىدىكى قىرىق ئوچاق دېگەن جايدا تۆت ئويرات قەبىلىسى بىلەن خالخا موڭغۇللىرىنىڭ ۋەكىللىرىدىن 44 كىشى قاتناشقان قۇرۇلتاينى ئېچىپ، دۇنياغا داڭلىق «ئويرات قانۇنى» نى ماقۇللىدى.

باتۇر خۇنتەيجىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن چوڭ لاما زايابەندىدا ئىمىل شەھىرىدە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئاساسىدىكى موڭغۇل يېزىقىغا ماسلاشمايدىغان ھەرپلەرنى ئىسلاھ قىلىپ ۋە تولۇقلاپ، ھازىرقى موڭغۇل يېزىقىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس سالدى. «زايابەندىدا تەزكىرىسى» دە بايان قىلىنىشىچە، بۇ زات پۈتكۈل ھاياتىنى ئويراتلار بىلەن خالخا موڭغۇللىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش ۋە لاما دىنىغا بېغىشلاپ، شەرقىي موڭغۇلىيە، كۆكنۇر (چىڭخەي)، ئىمىل، ۋولگا ئارىلىقلىرىدا كېزىپ يۈرگەن. 1653 - يىلى باتۇر خۇنتەيجى ئۆلدى. كېيىنچە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى تەخت ۋە زېمىن تالىشىپ جىق ئۇرۇشلارنى قىلدى. ئەڭ قاتتىق ئۇرۇشلار 1657 -، 1660 - ۋە 1661 - يىللىرى ئىمىل شەھىرىنى تالىشىش تۈپەيلىدىن ئېلىپ بېرىلدى. ئاخىرىدا ھوقۇق سىۋان ئارابدانغا مەركەزلەشتى.

XVII ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە XVIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا جۇڭغار خانلىقى كۈچىيىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ، ئوتتۇرا ئاسىيا، نىڭشيا، چىڭخەي ۋە خالخا موڭغۇللىرىنىڭ زېمىنلىرىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىردى. مۇشۇ جەرياندا ئىمىل شەھىرى ۋە ئىمىل ۋادىسىدىكى رايونلار ئارقا سەپ تەمىنات بازىسى بولدى. XVIII ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا سىۋان ئارابدان يەكەن، قەشقەر، ئاقسۇ، تۇرپان قاتارلىق جايلاردىكى ئۇيغۇرلارنى ئۆزىگە سىلىق تۆلەشكە قىستىدى. ھەمدە بۇ يەلەردىكى بەگ، بايلارنى ئېلىپ كېتىپ تېرىقچىلىق قىلىشقا سالدى. كېڭەيمىچىلىك ئۇرۇشى جەريانىدا ئەسىرگە چۈشكەنلەرنى ۋە بېقىندۇرۇلغان رايونلاردىكى پۇقرالارنى ئىمىل ۋادىسىغا يۆتكىدى. روسىيە دىپلوماتى ئۇنكوۋسكى

1734 - يىلى روسىيىگە قايتقاندىن كېيىن، پادىشاھقا يازغان دوكلاتىدا : «ھازىر ئۇلار تېرىقچىلىقنى بارغانسېرى كېڭەيتىۋاتىدۇ، پەقەت بۇخارالىقلار (ئۇيغۇرلار) لا تېرىقچىلىق قىلىپ قالماستىن، قالماقلارمۇ تېرىقچىلىق قىلىدىغان بولدى. چۈنكى خۇنتەيجى بۇ توغرىدا يارلىق چۈشۈرگەنىكەن. ئۇلارنىڭ زىرائەتلىرى ئوخشىغان. بۇغداي، تېرىق، ئارپا قاتارلىقلار بار. يەرلىرىنىڭ شور تەركىبى يۇقىرى بولغاچقا، كۆكتاتلارمۇ ياخشى ئوخشاپتۇ. خۇنتەيجى بىر قانچە يىل ئىلگىرىلا قورال - ياساق ياساشقا كىرىشكەنىكەن. ئاڭلىشىمىزچە ئۇلارنىڭ يېرىدىن مىس، تۆمۈر چىقىدىكەن. . . ھازىر تېرىدىن رەخت ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشىپتۇ، ھازىرقى ۋاقىتتا قەغەز ئىشلەپچىقىرىۋاتىدۇ» دەپ يازغان. ئۇنىڭ بىلەن سەپەرداش بولغان تۇبولىسكىلىق كىنەز ئەيدىگىروف ئۆز خاتىرىسىدە: «بىز ئوتلاقتىن ئۆتتۇق، خۇنتەيجىنىڭ يېرىدە بۇخارالىقلار بىلەن قالماقلارنىڭ ئېتىزلىقى بار ئىكەن. . . بىز چاغانسۇ دەرياسىنىڭ ئوڭ قانىتىدىكى بۇخارالىقلارنىڭ ئېتىزلىقىنىڭ يېنىدىن مېڭىپ ئۆتتۇق» دەپ يازغان. بۇ يەردە دېيىلگەن «چاغانسۇ» دەل ئىمىل دەرياسىنىڭ تارماق ئېقىنى بولغان ئاقسۇنى كۆرسىتىدۇ. بۇ يەر ئىمىل شەھىرىنىڭ ئالتە كىلومېتىر جەنۇبىدا.

X Ⅷ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ، جۇڭغار خانلىقى زاۋاللىققا يۈزلەندى. 1757 - يىلى چىڭ سۇلالىسى زور قوشۇن چىقىرىپ، ئامۇرسانانىڭ كۈچلۈك قوشۇنىنى تەل - تۆكۈس تارمار قىلىپ، ئىمىل دەريا ۋادىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ زېمىنىنى ئۆز ئىلكىگە ئالدى. 1764 - يىلى چىڭ سۇلالىسى ھازىرقى قازاقىستاننىڭ ئورجار ناھىيىسى تەۋەسىگە قورغان سالدۇرۇپ، مەسلىھەتچى ئامبال قويدى. بۇ قورغان يەرلىك كىشىلەر «ئېبى» دەيدىغان شامال ئۆتىڭىگە توغرا كېلىپ قالغاچقا، ئامبال ھاۋارايىغا كۆنەلمەي، چىڭ ئوردىسىنىڭ رۇخسىتى بىلەن 1766 - يىلى ھازىرقى چۆچەك شەھىرىگە بىر قورغان سالدۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئىمىل دەرياسى بويىغا سېلىنغان ئىمىل شەھىرى خارابىلىشىپ كەتتى. كېيىن كىشىلەر بۇ قورغان خارابىسىنى موڭغۇلچە دۆربىلجىن دەپ ئاتاشتى. ھازىر، يېقىنقى زاماندىكى بىر شەھەر خارابىسىغا قويۇلغان دۆربىلجىن دېگەن بۇنام يەرلىك مىللەتلەر تىلىدا پۈتكۈل بىر ناھىيىنى كۆرسىتىدۇ. بىراق خەنزۇچە يەنىلا دەسلەپكى نامى ئاساسىدا «ئېمىن» دەپ قوللىنىلماقتا. شۇڭا مەن ئەڭ ئاخىرىدا يەنە دۆربىلجىن دېگەن بۇ نامنى مەزكۇر ناھىيىنىڭ تارىختىكى ھەقىقىي قەدىمىي نامى بولغان «ئىمىل» غا قايتۇرۇشنى تەكرار ئۈمىد قىلىمەن.

---

## پايدىلانغان ماتېرىياللار:


1. «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» خەنزۇچە 1999 - يىللىق 2 -سان.
2. «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» قازاقچە، 1 - قىسىم.
3. مىرزا ھەيدەر «تارىخى رەشىدى» خەنزۇچە 1- توم.
4. باكلوۋىچ زىلاتكىن: «جۇڭغار خانلىقى تارىخى» خەنزۇچە.
5. «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى» خەنزۇچە.
6. ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنىسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى» ئۇيغۇرچە.
7. «قازاق سوۋېت ئېنسىكلوپېدىيىسى» 6-، 7-، 10 - توملىرى، قازاقچە.
8. م. جولداسبېكوف، ب. كېنجېبايېف: «ئاسىل ئارنالار» 1990 - يىل قازاقچە نەشرى.
9. ئوتاگى ماتسۇئو: «قۇبلايخان» قازاقچە.
10. زېڭ ۋېنۋۇ: «جۇڭگونىڭ غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىش تارىخى» خەنزۇچە.


تەھرىرلىگۈچى: ئەخمەت روزى

www.uyghurkitap.com

# قۇمۇلدىكى بىرقىسىم رىۋايەتلىك يەر ناملىرى

ساەتگۈل ياقۇپ

(قۇمۇل شەھىرى راھەتباغ 1 - باشلانغۇچ مەكتەپتىن)

ئىسلام دىنىنىڭ قۇمۇلغا كىيىنرەك كىرىشى سەۋەبلىك بۇ يەرگە ئەرەب - پارس مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى سۇسراق بولغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇمۇلنىڭ شەرق - غەرب ۋە جەنۇبىي تەرەپلىرىدىكى پايانسىز چۆل - جەزىرىلەر قۇمۇلنى ئەتراپتىكى مەدەنىيەتتىن ئايرىپ تۇرغاچقا، تاشقى مەدەنىيەت بىلەن ئۇچرىشىش پۇرسىتىمۇ ئازراق بولغان. شۇڭا قۇمۇلدا ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە مەنسۇپ نۇرغۇن تارىخىي يەر ناملىرى بار. بۇلارنىڭ بىر قىسمى بىر ئاڭلاشقىلا مەنىسىنى بىلگىلى بولىدىغان ناملار بولسىمۇ لېكىن نېمە ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغانلىقىغا دائىر ئېنىق مەلۇمات يوق. يەنە بىر تۈركۈم يەر ناملىرىنىڭ تىل تەۋەلىكىنى ئايرىشمۇ تېخى چوڭ بىر مەسىلە. تۆۋەندە مەن مەنىسى بىر قەدەر ئوچۇق بولغان بىر قىسىم يەر ناملىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا دائىر بىر نەچچە رىۋايەتنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن. بۇ رىۋايەتلەر شۇ يەر ناملىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا نەق جاۋاب بولالمىسىمۇ لېكىن يەر ناملىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە قۇمۇل تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا خام ماتېرىيال بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

## بوغاز

قۇمۇل شەھىرىنىڭ 28 كىلومېتىر جەنۇبىدا «بوغاز» دېگەن بىر يېزا بار. بۇ نامنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە خەلق ئارىسىدا مۇنداق بىر رىۋايەت تارقالغان. ئىسلام دىنى قۇمۇلغا تارقىلىۋاتقان مەزگىلدە 20 ـ30 دەك دىن تارقاتقۇچى قۇمۇلغا قاراپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاش - تاماقلىرىنى ئېتىش، كىر - قاتلىرىنى يۇيۇش ئىشلىرىنى قىلىشقا بىر ئايال كىشىنىمۇ بىللە ئېلىۋالغانىكەن. سەپەر ئۈستىدە ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرسى: ئارىمىزدا بىرلا ئايال بار، ئايال كىشى دېگەن ئاجىز، ناۋادا بىرەرسىمىزنىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپ، ئۇنىڭغا چېقىلىپ قويساق، ھامىلدار بولۇپ قالسا، سەپىرىمىزگە تەسىر يەتسە قانداق قىلارمىز، دەپ ئويلاپتۇ. شۇ كۈنى ئاخشىمى ئۇلار بىر قونالغۇدا چۈشكۈن قىلىپ سەھەردە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ قارىسا، ھېلىقى خىيالنى قىلغان كىشىنىڭ قورسىقى يوغىناپ قالغانىكەن، بۇنىڭدىن ھەيران قالغان ھېلىقى كىشى باشلىقىغا ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان باشلىق غەزەپلىنىپ «ھەممىگە قادىر ئاللا شۇ ئاجىز بەندىنى بىزدىن ساقلىيالامدىكەن، نىيىتىڭ يامان بولغاچقا، ئاللا سېنى جازالاپتۇ، بۇنى ئۆزۈڭدىن كۆر، بىزنىڭ ئامالىمىز يوق» دەپتۇ. بۇ ئاجايىب ۋەقە ناھايىتى تېزلا بۇ قونالغۇغا پۇر كېتىپتۇ، شۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەر بۇ قونالغۇنى «بوغاز» دېيىشىدىغان بوپتۇ.

ئەمەلىيەتتە بوغاز يېزىسى قۇمۇل دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىغا جايلاشقان بولۇپ، ئىككى تەرىپى قۇرۇقلۇق بىلەن ئورىلىپ تۇرىدۇ. شەكلى بەئەينى بوغۇزغا ئوخشايدۇ. شۇڭا بۇ يەر ئۆزىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن يەرلىك خەلق تەرىپىدىن «بوغاز» دەپ ئاتالغان بولسا كېرەك. ئەگەر بۇ تەخمىن توغرا دەپ قارالسا، «بوغۇز»نىڭ «بوغاز» غا ئۆزگىرىپ قېلىش سەۋەبىنى تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن دەلىللەشكە توغرا كېلىدۇ.

## قوۋۇق ئېغىزى

قۇمۇل شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى تاغلىق رايونلارغا كىرىشتىكى تاغ ئېغىزى ھېسابلانغان كۆشۆتىدىن ئىچكىرىلەپ، يۇقىرىغا ئۆرلىسە بىر داۋانغا چىققىلى بولىدۇ. بۇ داۋاندىن يىلاندەك تولغىنىپ ياتقان 36 ئايلانمىلىق يول بىلەن پەسكە چۈشسە، قوۋۇق ئېغىزىغا يېتىپ كەلگىلى بولىدۇ. بۇ جاي داۋاندىن ئۆتكەندىكى باركۆل، ئاراتۈركلەرگە ئايرىلىدىغان يول ئېغىزى بولغاچقا كىشىلەر بۇ يەرنى قوۋۇق ئېغىزى دەپ ئاتاشقان. بۇ جاي ھەققىدە ئەل ئارىسىدا مۇنداق بىر رىۋايەت بار.

ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى بۇ يەرنىڭ شىمالىدا چەكسىز كەتكەن بىر دېڭىز بولغانىكەن. بۇ دېڭىز ياقىسىدا بىر قەبىلە بولۇپ، بۇ جايدا بىر جۈپ ئاشىق - مەشۇق ياشايدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە دېڭىزدىن بىر دېۋە چىقىپ، قىزنى ئېلىپ قېچىپتۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان يىگىت دېۋە بىلەن ئۈچ - كېچە كۈندۈز ئېلىشىپ، ئاخىرى دېۋىنى يېڭىپ قىزنى قۇتقۇلدۇرۇپ چىقىپتۇ، ئۇلار مېڭىشقا تەييارلىنىۋاتقاندا دېۋە يەنە دېڭىزدىن چىقىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا غايەت زور بىر تاغنى

پەيدا قىلىپ ئۇلارنىڭ يولىنى ئېتىپ قويۇپتۇ. قاتتىق غەزەپلەنگەن يىگىت قىلىچىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ، قاتتىق قەھرى بىلەن تاغنى چاپقانىكەن، غايەت زور گۈلدۈرلىگەن سادا بىلەن تەڭ تاغ ئىككىگە ئايرىلىپتۇ. دېمەك قۇمۇل بىلەن تاغنىڭ شىمالىدىكى رايونلارغا ئۆتۈشتىكى بۇ تاغ يولى ئاشۇ يىگىتنىڭ چېپىشى بىلەن ئېچىلغانىكەن.

## ئاقتاش

ئاقتاش تەڭرىتاغنىڭ شىمالىغا جايلاشقان، شىنجاڭدا كەم ئۇچرايدىغان مەنزىرىلىك رايونلارنىڭ بىرى، كىشىلەرنىڭ يازلىق ئارامگاھى. بۇ نام شۇ جايدا چوقچىيىپ تۇرغان يېگانە ئاقتاشنىڭ نامىدىن كەلگەن. بۇ تاش ھەققىدە مۇنداق بىر رىۋايەت بار:

بۇرۇن بۇ يۇرتتا چارۋىچىلىق قىلىدىغان بىر قەبىلە ياشىغانىكەن. قەبىلە باشلىقىنىڭ بەختىگۈل ئىسىملىك بىر گۈزەل قىزى بولۇپ، ئۇ چىنار ئىسىملىك بىر نامرات يىگىتكە ئاشىق بولۇپ قاپتۇ. ئۇلار دائىم ئورمان ئىچىدە ئۇچرىشىپ تۇرىدىكەن. بەختىگۈل يېشىللىققا ئىنتايىن ئامراق بولغاچقا، چىنار ئۇنىڭغا ھەر قېتىم قايتىشىدا بىر تال قارىغاي شېخىنى سوۋغا قىلىپ ماڭىدىكەن. بەختىگۈل ئۇنى ئۆيىگە ئېلىپ كېتىدىكەن. يىللار، ئايلار ئۆتۈپ، بۇ يۇرتتا قۇرغاقچىلىق ئاپىتى يۈز بېرىپ، يايلاقلار قۇرۇپ، قارىغايلار سارغىيىشقا باشلاپتۇ. ئۆز يۇرتىنىڭ قاقاسلىققا ئايلانغانلىقىنى كۆرگەن بەختىگۈلنىڭ كۆڭلى بەكمۇ بىئارام بولۇپ، قاتتىق ھەسرەت چېكىپ كۆزىنىمۇ ئاچماي يېتىپ قاپتۇ. بۇنىڭدىن چىنارنىڭ يۈرەك - باغرى ئېزىلىپ، كۈندە ئورمانلىققا قاراپ قايغۇلۇق ناخشىلارنى ئېيتىدىغان بولۇۋاپتۇ. سۆيگىنى بەختىگۈلنىڭ ساقىيىشى ئۈچۈن قارىغايلارنى بىر بىردىن قۇچاقلاپ، توختىماي سىلكىپ چىقىپتۇ. كۆز ياشلىرى دەريا بولۇپ ئېقىپتۇ، قارىغايلارنى تىنىمسىز ئىرغىتىۋەرگەچكە، بارماقلىرى ئارىسىدىن چىققان قانلار ئورمانلىققا سىڭىپتۇ. چىنار ھالسىزلىنىپتۇ، لېكىن قارىغايلار كۆكىرىشكە باشلاپتۇ، ئۇزۇن ئۆتمەي ھەممە جاينى يېشىللىق قاپلاپتۇ. قايتا يېشىللىقنى كۆرگەن بەختىگۈل شادلىققا چۆمۈپ ئورنىدىن دەس تۇرۇپتۇ، لېكىن چىنارنىڭ كۆز ياشلىرى ۋە يۈرەك قېنى دەريادەك ئېقىپ ، قاتتىق ھالسىزلانغاچقا يىقىلىپ چۈشۈپ بەختىگۈلنىڭ قۇچىقىدا جان ئۈزۈپتۇ. بۇ ھىجران ئازابىغا چىدىمىغان بەختىگۈلمۇ چىنارنى قۇچاقلىغىنىچە جان ئۈزۈپتۇ. كىشىلەر ئۇلارنىڭ چىن ئەقىدە، پاك مۇھەببىتىدىن تەسىرلىنىپ، ئۇلارنى ياپيېشىل ئوتلاق ئىچىگە دەپنە قىپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇلارنىڭ قەبرىسىدىن بىر يوغان ئاق تاش ئۈنۈپ چىقىپتۇ. بۇ ئاقتاش ئاشۇ بىر جۈپ ئاشىق - مەشۇقنىڭ پاك مۇھەببىتىنىڭ سىمۋولى ئىكەن.

## شامالچىباغ

3 - ئەۋلاد قۇمۇل ۋاڭى ئىمىن (1711 - 1740) ئوقيا ئېتىشتىكى ماھىرلىقى بىلەن بېيجىڭدا خاننى ھەيران قالدۇرغاندىن كېيىن، خان مەشقاۋۇللىرىنىڭ ھەسەت ئوتى كۆچىيىپ، خانغا ئىمىن ۋاڭ ئۈستىدىن ئەرز سۇنۇپ: «ئىمىن ۋاڭ دېگەن خاننىڭ قول ئاستىدىكى كىچىككىنە بىر يۇرتنىڭ بېگى تۇرۇقلۇق خاننى كۆزگە ئىلمىدى، ئوقيا ئېتىش مەيدانىغا كىرىشتىن بۇرۇن خانغا تازىم قىلىشى كېرەك ئىدى. مەشقاۋۇللارنىڭ قائىدە - تۈزۈمىگە رىئايە قىلماي مەنمەنچىلىك قىلدى، خان بۇنىڭغا چارە كۆرۈشى كېرەك» دەپ تۇرۇۋالىدۇ. خان مەشقاۋۇللارنىڭ دەۋاسىنى توغرا تېپىپ، ئىمىن ۋاڭنى ئىلىنىڭ شامالچىباغ دېگەن يېرىگە 15 يىللىق سۈرگۈن قىلىدۇ. 12 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئىمىن ۋاڭنىڭ بالا - چاقىلىرى قۇمۇل شەھىرىنىڭ يەتتە كىلومېتىر جەنۇبىغا بىر قورغان ياساپ ئۇنى شامالچىباغ دەپ ئاتايدۇ. ھەمدە ئاتىسىنى شۇ قورغانغا قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن خانغا ئىلتىماس سۇنىدۇ. خان ئۇلارنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلىدۇ. ئىمىن ۋاڭ يېڭى ياسالغان شامالچىباغقا قايتۇرۇپ كېلىنىدۇ. ھازىرقى شامالچىباغ دېگەن كەنت نامىنىڭ پەيدا بولۇشى شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

## قايناقسۇ تۇر

بۇ قۇمۇل شەھىرى راھەتباغ يېزىسىغا قاراشلىق بىر مەھەللىنىڭ نامى بولۇپ، بۇ نامنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە مۇنداق بىر قىزىقارلىق رىۋايەت تارقالغان:

قۇمۇل ۋاڭى شامەخسۇت دەۋرىدە ئىلىدا ياڭ زېڭشىنغا قارشى ئىنقىلاب پارتلايدۇ. ئۇلار تېز ئىلگىرىلەپ جىڭ ناھىيىسى تەۋەسىگە بېسىپ كېلىدۇ. بۇ جىددىي پەيتتە ياڭ زېڭشىن ئىنقىلابنى باستۇرۇش ئۈچۈن ھەرقايسى يۇرتلاردىن ئەسكەر ئالىدۇ. جۈملىدىن شاھ مەخسۇتمۇ ياڭ زېڭشىننىڭ تەلىپى بويىچە 200 دېھقاننى ئەسكەرلىككە ئېلىپ ئۈرۈمچىگە ماڭدۇرىدۇ. ئۇلار جىڭدا ئۇرۇشقا قاتنىشىدۇ، ئىككى تەرەپ ئۇرۇشتا قاتتىق تىركىشىپ قالىدۇ. بۇ چاغدا قۇمۇلدىن بارغان قوشۇننىڭ تۆگىبېگى ئۇسساپ كېتىپ، يېنىدىكى ئەسكەردىن سۇ سورايدۇ. ئەسكەر جىددىيچىلىكتە يېڭىلا قايناقسۇ قاچىلانغان قاپاقنى تۆگىبېگىگە بېرىدۇ. تازا ئۇسساپ كەتكەن تۆگىبېگى قاپاقنى قولىغا ئېلىپلا سۇنى ئىچىدۇ، قايناقسۇدا تۆگىبېگىنىڭ ئاغزى كۆيۈپ كېتىدۇ، ئاغرىق ئازابىغا چىدىمىغان تۆگىبېگىنىڭ قولىدىكى قاپاق ئاتنىڭ ئىگىرىگە تېگىپ چېقىلىپ، قايناقسۇ ئاتقا تۆكۈلىدۇ. ئىسسىققا چىدىمىغان

(داۋامى 64 - بەتتە)

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

# قەغەزچىلىك

جۇمەنىياز (ۋارىس تېكىن)

(خوتەن ۋىلايەتلىك مەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنىدىن)

يىپەك يولى سودىسىدا يۇقىرى تاۋار قىممىتىگە ئىگە خوتەن قەغىزى ئۇزاق مۇددەتلىك تەكرار ئىشلەپچىقىرىلىش جەريانىدا كەسىپلىشىشكە، كۆلەملىشىشكە قاراپ يۈزلەنگەن بىر خىل قول ھۈنەرۋەنچىلىك مەھسۇلاتى.

تارىختا «خوتەن قەغىزى» نامى بىلەن مەشھۇر بولغان بۇ مەھسۇلات يېڭى زامان پەن - تېخنىكىسىنىڭ تەھدىتى بىلەن كەڭ كۆلەمدە ئىشلەپچىقىرىلىشتىن توختىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنىڭ ئېسىل نەمۇنىسى سۈپىتىدە ساقلىنىپ كەلمەكتە.

قەغەزچىلىك خوتەننى مەركەز قىلغان ھالدا يەكەن، قەشقەر تەرەپلەرگىچە كېڭەيگەن بولۇپ، ئۇزاق تارىخقا ئىگە. خوتەن شەھرى ۋە خوتەن ۋىلايىتىگە قاراشلىق بىر قانچە ناھىيىدە مەخسۇس قەغەز ئىشلەپچىقىرىدىغان «قەغەز مەھەللىسى»، «قەغەزچى»، «قەغەز كوچىسى» دېگەندەك مەھەللە ۋە ھۈنەرۋەنلەر بارلىققا كېلىپ، تا ھازىرغا قەدەر قەغەز ئىشلەش ھۈنىرى بىلەن تونۇلۇپ كەلمەكتە.

## 1. قەغەزنىڭ ياسىلىش ئۇسۇلى

قەغەزنىڭ ئاساسلىق خام ئەشياسى ئۈجمە ۋە توغراق دەرىخىنىڭ قوۋزىقى . قەغەز ياساشتا ئالدى بىلەن ئۈجمە ياكى توغراق دەرىخىنىڭ قوۋزىقى سويۇۋېلىنىپ، سۇغا چىلاپ قويۇلىدۇ. قوۋزاقلار بىراز يۇمشىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ سىرتقى قوپال قاتلىمى ئېلىپ تاشلىنىدۇ، ھەمدە ئىچىدىكى نېپىز ئاق قەۋىتى ئايرىۋېلىنىپ، قازانغا سېلىپ قاينىتىپ بوتقا ھالىتىگە كەلتۈرۈلىدۇ. بۇ قوۋزاق بوتقىسى ياغاچ توقماق (ياغاچ بولقا) بىلەن سوقۇپ ئېزىلگەندىن كېيىن، مەخسۇس ياسالغان ياغاچ تۇڭغا سېلىنىپ، ئۈستىگە مۇۋاپىق مىقداردا سۇ قۇيۇپ قوچۇپ ئۇماچ قىلىنىدۇ. تەييارلانغان قوۋزاق ئۇمىچى مەخسۇس ياسالغان ياغاچ چۆمۈچتە قەغەز ياساش قېلىپىغا قۇيۇلۇپ، سۇ كۆلچىكىدە سۈزۈلىدۇ. قېلىپنىڭ يۈزى تەكشىلەنگەندىن كېيىن ، شۇ پېتى كۈن نۇرىغا قاقلاپ تىزىپ قويۇلىدۇ. قېلىپتىكى بوتقا تولۇق قۇرۇپ قەغەزگە ئايلانغاندىن كېيىن قېلىپتىن سويۇۋېلىنىدۇ. بۇ دەسلەپكى مەھسۇلات «خام قەغەز» دېيىلىدۇ. قەغەزنىڭ بىر تاختىسى ئادەتتە 42 -46 سانتىمېتىرلىق ئۆلچەمدە بولىدۇ. قەغەز ياساشتا سۇ كۆپرەك كېتىدۇ.

## 2. قەغەز ياساشتا ئىشلىتىلىدىغان سايمانلار

قەغەز ياساشتا ئىشلىتىلىدىغان سايمانلارنىڭ كۆپىنچىسى ياغاچتىن ياسىلىدۇ. ئۇلارنىڭ تۆۋەندىكىدەك تۈرلىرى ۋە رولى بار.

ياغاچ بولقا قەغەز ياساش ئۈچۈن تەييارلانغان قوۋزاقلارنى يەنچىش (ئېزىش) ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

قازان تەييارلانغان قوۋزاقلارنى قاينىتىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

كارسان (ياغاچ داس) تەييارلانغان قوۋزاق بوتقىسىنى قاچىلاپ سۇ ئارىلاشتۇرۇپ ئۇماچ ھالىتىگە ئەكىلىشكە ئىشلىتىلىدۇ.

ياغاچ چۆمۈچ (پىچكوك) ياكى ياغاچ قاچاكەمچىگۈچ تەييارلانغان قوۋزاق ئۇمىچىنى تەڭ نىسبەتتە ئۇسۇپ قەغەز قېلىپىغا قۇيۇشقا ئىشلىتىلىدۇ.

قەغەز قېلىپى ئۇزۇنلۇقى 50سانتىمېتىر، كەڭلىكى 45سانتىمېتىر كېلىدىغان چاسا شەكىللىك، بىر يۈزىگە تور رەخت تۇتۇلغان رامكا.

قاشتېشى سۈرگۈچ خوتەن قاشتېشى سىلىق، سۈزۈك، پارقىراق بولغاچقا، خام قەغەزنىڭ يۈزىگە سۈركىسە قەغەزنى سىلىق، پارقىراق ۋە پىششىق ھالەتكە ئەكىلىدۇ.

## 3. قەغەزنى پىششىقلاپ ئىشلەش

خوتەن قەغىزى ئادەتتە خام قەغەز ۋە پىششىق قەغەز دەپ ئىككى خىل بولىدۇ. خام قەغەزنىڭ پۈتۈپ چىقىش جەريانى يۇقىرىدا سۆزلەندى. خام قەغەزنى شۇ پېتى ئىشلىتىشكە بولىدۇ. ئەگەر ئۇنى تېخىمۇ سىپتا ۋە پارقىراق قىلىپ



ئىشلەشكە توغرا كەلگەندە، گوررۇچنى ئېزىلگۈچە قايناتىپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ئاندىن قەغەز يۈزىگە تەكشى سۈركەپ پاتلاپ، قاشتېشى سۈرگۈچ بىلەن سۈركەپ سىلىقلىنىدۇ. بۇ «پاتلانغان خوتەن قەغىزى» ياكى «پىششىق قەغەز» دەپ ئاتىلىدۇ.

## 4. خوتەن قەغىزىنىڭ ئالاھىدىلىكى

خوتەن قەغىزى ئاسانلىقچە يىرتىلمايدۇ، ئەۋرىشىم بولۇپ، قاتلىشىپ كەتكەندىن كېيىنمۇ قايتا تۈزلەپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ، ئاسانلىقچە چىرىمەيدۇ، كۈن نۇرى ۋە نەملىكتىن ئۆزگەرمەيدۇ. رەڭگى ئاق، سۈپەتلىك بولۇپ، پاتلانغاندىن كېيىن يۈزى سىلىق بولىدۇ، رەڭ يېيىلمايدۇ، قەلەمنىڭ ئۇچىنى ئىلىۋالمايدۇ. ئۇزاق يىللاردىن كېيىنمۇ سارغىيىپ كەتمەيدۇ.

## 5. خوتەن قەغىزىنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسى

قەغەز ئۇزاقتىن بېرى ئۇيغۇر مەدەنىي ھاياتىدا كەڭ قوللىنىلىشتىن سىرت، يەنە كۈندىلىك تۇرمۇشتىمۇ ئىشلىتىلگەن. سىپتا ياسالغانلىرى (پاتلانغانلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) قەدىمكى مۇھىم تارىخىي ۋەسىقىلەر، دىنىي ئەسەرلەر، خەت - چەك ئالاقىلىرىنى يېزىش، ھەر خىل گۈزەل سەنئەت بۇيۇملىرىنى ياساش قاتارلىق ساھەلەرگە ئىشلىتىلگەن، خام قەغەزلەر بولسا دورا -دەرمانلارنى ئوراش، كىيىم - كېچەكلەرگە قاتۇرما قىلىش، ئىشىك - دېرىزىلەرنىڭ كۆزلىرى، ھەمدە ئىشىك -دېرىزە، تاملارنىڭ تۆشۈك ۋە يېرىقچىلىرىغا چاپلاپ شامالدىن، توپىدىن ساقلىنىش قاتارلىق ساھەلەردە كەڭ ئىشلىتىلگەن.

## 6. قەغەزنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش ۋاقتى

قەغەز ياساش ئاساسەن خام ماتېرىيال، پەسىل ۋە كۈن نۇرىنىڭ كۈچلۈك - ئاجىزلىقىغا باغلىق بولىدۇ.

خوتەندە قەغەزنىڭ خام ئەشياسى بولغان ئۈجمە ۋە توغراق قوۋزىقى ئاساسەن تولۇق. بىراق قەغەزنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش مىقدارى پەسىلنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ يۇقىرى - تۆۋەن بولىدۇ. 5-، 6-، 7-، 8- ئايلار كۈن نۇرى كۈچلۈك ۋاقىت بولغاچقا قەغەز كۆپلەپ ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. 9-، 10-، 11- ئايلار كۈن نۇرى ئاجىز ۋاقىت بولغاچقا ئىشلەپچىقىرىلىدىغان قەغەزنىڭ مىقدارى ئازىيىدۇ. قالغان ۋاقىتلاردا ئاساسەن قەغەز ئىشلەپچىقىرىلمايدۇ.

## 7. قەغەز ۋە قەغەزچىلىك قورال - سايمانلىرىغا دائىر ئارخېئولوگىيىلىك ئۇچۇرلار

1980 -يىلى خوتەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئورنى نىيە خارابىسىدىن بىر ياغاچ بولىقا قېزىۋالغان. بۇ ياغاچ بولىقىنىڭ دەستىسى13 سانتىمېتىر بولۇپ، ھازىرقى قەغەز ياسايدىغان ياغاچ بولقىلارغا ئوخشايدۇ. بۇ ياغاچ بولقا ھازىر خوتەن ۋىلايەتلىك مۇزېيدا كۆرگەزمە قىلىنىۋاتىدۇ.

1999 - يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى چىرا ناھىيە ئۇزۇنتات شەھەر خارابىسى ئورنىدىن بىر قاشتېشى سۈرگۈچ، بىر قاشتېشى پالتا يىغىۋالغان. بۇ بۇيۇملار ھازىر خوتەن مۇزېيىدا ساقلانماقتا.

قاشتېشى سۈرگۈچ ئۈچ قىرلىق بولۇپ، ئاستىنقى سۈرگۈچ يۈزىنىڭ كەڭلىكى ئالتە سانتىمېتىر، قالغان ئىككى تەرەپ (تۇتقۇچ قىسمى) يۈزىنىڭ كەڭلىكى بەش سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى يەتتە سانتىمېتىر كېلىدۇ. سۈرگۈچنىڭ ئاستىنقى يۈزى ناھايىتى سىلىق، پارقىراق بولۇپ، ئۆز ۋاقتىدا ناھايىتى كۆپ قەغەزلەرنى سىلىقلاشقا ئىشلىتىلگەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

1959 - يىلى 10 - ئايدا شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە خىزمەتچىلىرى نىيە خارابىسىدىن نۇرغۇن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قېزىۋالغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇزۇنلۇقى 43 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 9 .2 سانتىمېتىر كېلىدىغان بىر پارچە قەغەزمۇ بار①.

1999 - يىلى 12 - ئايدا لوپ ناھىيىسى تەۋەسىدىن تۆت پارچە ۋەسىقە تېپىلغان بولۇپ، ھەممىسى ئۈجمە قوۋزىقىدىن ئىشلەنگەن قەغەزگە يېزىلغانىكەن. بۇ ۋەسىقىلەرنىڭ ساقلىنىپ قالغان قىسمى 28X8، 28X15 سانتىمېتىر بولۇپ، ۋاقتى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى Ⅲ ئەسىرگە تەئەللۇق. بۇ قەغەز پۈتۈكلەر ھازىر خوتەن مۇزېيىدا ساقلانماقتا.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە خوتەن دەرياسىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان مازارتاغ خارابىسىدىن بىر پارچە بۇتخانا ھېسابات دەپتىرى تېپىلغان بولۇپ، دەپتەردە قەغەز سېتىۋېلىشقا دائىر تۆۋەندىكىدەك مەلۇمات خاتىرىلەنگەن: «60 يارماققا بىر تاختا قەغەز سېتىۋالغىلى بولىدۇ. . . ، 100 يارماققا ئىككى تاختا، 100 يارماققا ئاق قەغەزدىن ئىككى تاختا ئالغىلى بولىدۇ، بىر تاختا قەغەز 45، 50، 60 يارماقلارغا سېتىلىدۇ. . . »②.

1907 - يىلى ئەنگلىيىلىك ستەيىن لوپنۇر كۆلىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى تۇرا خارابىسىدىن مىلادىيە I ئەسىرگە ئائىت بىر پارچە سودا ھۆججىتى تاپقان③.

1901 - يىلى ستەيىن يەنە شۇ لوپنۇر ئەتراپىدىن بىر نەچچە قەغەز پارچىسىنى تېپىۋالغان. بۇ قەغەزلەر مىلادىيە 420-220 - يىللار ئارىلىقىدىكى دەۋرگە ئائىت بولۇپ، 1910- يىلى بوتانىكا ئالىمى ۋېسنېرنىڭ ئانالىز قىلىشى ئارقىلىق بۇ قەغەزلەرنىڭ ئۈجمە قوۋزىقىدىن ئىشلەنگەنلىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەلۇم بولغان④.

ئارخېئولوگ خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندى 1933 - يىلى تارىم ۋادىسىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىۋېتىپ، باشقا يادىكارلىقلار بىلەن بىرگە بىر نەچچە پارچە قەغەز ئەۋرىشكىسىنى تېپىۋالغان. ئۇنىڭ بىر پارچىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 40 سانتىمېتىر، كەڭلىكى تەخمىنەن 100 سانتىمېتىر كېلىدىكەن. جاڭ ۋېنلىڭنىڭ «ئېلىمىز قەغەز پۇتۇكچىلىكىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تەرەققىياتى» ناملىق ماقالىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، خۇاڭ ۋېنبى تاپقان بۇ قەغەزلەرنىڭ يىل دەۋرى ئاز دېگەندىمۇ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 46 - يىلىدىن بۇرۇنقى دەۋرگە تەئەللۇق بولۇپ، ئۇ خەنزۇچە خاتىرىلەردە تىلغا ئېلىنغان سەيلۇن قەغىزىدىن 150 يىل ئىلگىرىكى قەغەز ھېسابلىنىدىكەن⑤.

ستەيىن مازارتاغ خارابىسىدىن تاپقان 119 پارچە تىبەتچە ۋەسىقىنىڭ 28 پارچىسى خوتەن قەغىزىگە يېزىلغان ئىكەن⑥

ھازىر شىنجاڭنىڭ جاي - جايلىرىدىن تېپىلغان خوتەن قەغىزىگە يېزىلغان تۈرلۈك مەزمۇن ۋە تۈرلۈك تارىخىي دەۋرلەرگە تەئەللۇق قولىيازمىلار ئېلىمىز ۋە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئەتىۋارلىنىپ ساقلانماقتا.

خوتەن قەغەزچىلىكى ھازىر ئۇستىلارنىڭ شاگىرتلارغا ئۆگىتىشى بىلەن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، بۇ خىل ئەنئەنىۋى قەغەزنىڭ تاۋارغا ئايلىنالماسلىقى سەۋەبلىك بۇ خىل كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار بارغانسېرى ئازلاپ يوقىلىش گىرداۋىغا بارماقتا... ئارىلىقىدا بولۇپ قالماقتا.

## ئىزاھلار:

① «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسىنىڭ 30 يىلى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 64 - بەت.
② لى يىنپىڭ : «بۇددا ئېلى ئۇدۇن» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 276 - بەت.
③ خانېدا تورۇ: «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 83 - بەت.
⑤④ ئابلىز مۇھەممەت سايرامى: «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ قەغەزچىلىكى توغرىسىدا» - ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» نىڭ 1996 - يىلى 3 - ئاينىڭ 6 - كۈندىكى سانى.
⑥ «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» خەنزۇچە 1992 - يىللىق 2 - سانى.

تەھرىرلىگۈچى: ئابلىز ئورخۇن

(بېشى 61 - بەتتە)

ئات چاپچىپ ئالدىغا ئۇچقانداق چاپىدۇ، تۆغىبېگىنىڭ چىپىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن قوشۇن بىراقلا جەڭگە ئاتلىنىدۇ. ئۇرۇش غەلىبىلىك ئاياغلىشىدۇ. لەشكەر بېشى تۆغىبېگكە غەزەپلىنىپ سەن نېمىشقا بۇيرۇق بېرىلمەيلا ھۇجۇمغا ئۆتىسەن، دەپ كايىيدۇ. قايناقسۇدا تىلى كۆيگەن تۆغىبېگى «قايناقسۇ، قايناقسۇ» دېيىشتىن باشقا گەپ قىلالمايدۇ. گەپنى ئاڭقىرالمىغان لەشكەر بېشى نېمە ئۇ قايناقسۇ، قايناقسۇ دېگەن، دەپ تىللاپ كېتىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ كىشىگە «قايناقسۇ» دېگەن سۆز لەقەم بولۇپ قالىدۇ. ئۇرۇش ئاخىرلىشىپ قومۇلغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، قومۇل ۋاڭى ھېلىقى كىشىنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتى بەدىلىگە بىر پارچە يەرنى ھەدىيە قىلىپ بەرگەن. شۇندىن كېيىن بۇ يەر شۇ كىشىنىڭ لەقىمى بىلەن «قايناقسۇتۇر» دەپ ئاتالغانىكەن.

## كانايچىتۇر

بۇ راھەتباغ يېزىسىغا قاراشلىق بىر مەھەللە بولۇپ، بۇ نامنىڭ كېلىپ چىقىشى مۇنداق بولغانىكەن:

قومۇل ۋاڭلىقى دەۋرىدە ۋاڭ ئوردىسىدا چوڭ ئىككى كاناي بار بولۇپ، ئوردىدا ئۇنى چالىدىغان مەخسۇس كىشىلەر بولغانىكەن. ئۇلار ئوردىدا توي - تۆكۈن بولغاندا ۋە ھېيت-بايرام كۈنلىرى بۇ كانايلارنى چېلىپ، ۋاڭنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىپ تۇرىدىكەن. كاناي چالىدىغان بۇ كىشىلەر ئۆز كەسپى بىلەن ئەل ئارىسىدا «كانايچى» دەپ ئاتىلىدىكەن. قايسىدۇر بىر قومۇل ۋاڭى بۇلارنىڭ خىزمىتى بەدىلىگە ھازىرقى كانايچىتۇرنى ھەدىيە قىلىپ بەرگەنىكەن. ئەسلىدە باشقا نام بىلەن ئاتىلىدىغان بۇ يۇرت ئاشۇ كىشىلەرنىڭ لەقىمى بىلەن كانايچىتۇر دەپ ئاتىلىپ قالغانىكەن. ھازىرقى كانايچىتۇر مەھەللىسىدە ئاشۇ كانايچىلارنىڭ كانايچى دەپ ئاتىلىدىغان ئەۋلادلىرى بار.

تەھرىرلىگۈچى: ئەخمەت روزى

新疆地方志

（季刊）

目　录

2001 年第四期

总第五十七期

顾　问
乌依古尔·沙依然
伊敏·图尔逊
努尔穆罕默德·多莱提

主　编
沙比尔·艾力

副主编
吾甫尔·吾守尔·尼牙孜
阿不都肉甫·艾力

编　委
（姓氏以维吾尔文字母为序）
阿不都肉甫·艾力
阿不都守库尔·图尔地
阿不都克优木·霍加
阿不来提·努尔东
阿不来提·伊敏
热米拉
沙比尔·艾力
吾甫尔·吾守尔·尼亚孜
霍加阿合买提·优努斯
哈德尔·阿皮孜
哈斯木·霍加
库尔班·马木提

责任编辑
阿不力孜·鄂尔浑

# 目　录

## 历史回忆录

卡斯木江·康拜尔的逝世 …… 色依提·牙森 1
回忆马木提的出境始末 …… 阿不来提·阿巴斯 6

## 历史资料

俄国和苏联统治下的突厥民族 …… 加文·汉布里[美]12
卡布尔的哈密旅游 …… 崔延虎 34
1949 年前在喀什流通的各种货币 …… 穆罕默德伊敏·库尔巴尼 42
维吾尔历史上的一次张冠李戴事件 …… 马木提·哈孜 46

## 学术讨论

突厥祖先的发源地 …… 森安孝夫[日]48

## 地名研究

历史上的额敏河与额敏故城 …… 塔依尔·塔什巴也夫 53
浅谈哈密地区有些地名的起源问题 …… 萨代提古丽 60

## 新疆百业

维吾尔族的纸造业 …… 居买·尼牙孜 62

www.uyghurkitap.com


# 新疆地方志维吾尔文(季刊) (ژۇرنال پەسىللىك) شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى

主　办：新疆维吾尔自治区地方志编纂委员会
新疆维吾尔自治区地方志学会
编辑出版：《新疆地方志》编辑部
地　址：乌鲁木齐市南湖路西一巷 7 号
照　排：新疆维吾尔自治区地方志编纂委员会
激光照排公司
印　刷：新疆金版印务有限公司

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى
ش ئۇ ئا ر تەزكىرە ئىلمىي جەمئىيىتى
تۈزگۈچى ۋە نەشر قىلغۇچى: «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» تەھرىر بۆلۈمى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى يېڭەنكۆل يولى غەربىي 1 - كوچا 7 - نومۇر
تىزغۇچى: ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى كومپيۇتېر مەتبەئە شىركىتى
باسقۇچى: شىنجاڭ جىنبەن مەتبەئە چەكلىك شىركىتى

国内统一刊号 CN65－1128/K－W
电话：4640715　邮政编码：830063
定价：3.00 元

مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى: CN65－1128/K－W
تېلېفون نومۇرى: 4640715 پوچتا نومۇرى: 830063
باھاسى: 3.00 يۈەن